

AltunOq

# تارىم غۇنچىلىرى

8

1985



كىم كۈچلۈك؟



بىزنىڭ ئورمانلىق



قىزىقارلىق تەجرىبە



باغچا بىزنىڭ ئۆيىمىز



كىچىك فوتوگرافلار

ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مۇھەررىرلەر: ھۇشۇر ئەخمەت، مەسئۇت خالىت

1985 - يىل 8 - سان
(ئومۇمىي 23 - سان)
— ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال —

## — △ ئەلا باھالانغان تاپشۇرۇقلار △ —

بىر تال بور — بىر ئامچە قان ........................ ئايخان ئىسمايىل 3
ئۇستازىمغا ........................................ زۇلخۇمار ئۆمەر 5
ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ........................ سۈن ياڭ 7
سىتاردىنىڭ كۆتۈپخانىسى ........................................ 10

## — △ دانىشمەن نەسردىن ئەپەندى △ —

ئىجتىمائىي پەن ئاسان، تەبىئىي پەن قىيىنمۇ قاتارلىقلار ........................ 13

## — △ ئەدەبىيات گۈلزارى △ —

بىلىمگە ئىشتىياق (ھېكايە) ........................ ئالىم ئازات 26
مەندەك بولماڭلار (ھېكايە) ........................ سائادەت ھىدايى 28
ئەلا باھالانغان ماقالا (ھېكايە) ........................ بېلىقىز توختى 30
بىلىم (شېئىر) ........................................ مۇنەۋۋەر 44

## — △ زېمىنىمىزدا △ —

تۇرپان مۇنارى ........................................ رەخمەت رىشىت 45
ئۈرۈمچى شەھىرى ........................................ 47

## — △ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز △ —

قۇربان ھېيت ........................................ جۈنەيد بەكرى 55

## — △ مەشھۇر كەشپىياتلار △ —

ۋەلسىپىتنى كەشپ قىلغان كىشى ........................................ 59

ئېدىسوننىڭ پاتېفوننى كەشپ قىلىشى ………… 61

بېرلىنانىڭ پىلاستىنكىنى كەشپ قىلىشى ………… 63

## — △ تالانت جاپالىق مېھنەتتىن كېلىدۇ △ —

ئۇلار ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا ………… 66

ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ………… 70

## — △ چەتئەل بالىلار ئەدەبىياتى △ —

ھەقىقىي شائىر زادى كىم؟ ………… 72

## — △ تېپىشماقلار △ —

شوپۇرنىڭ ئىقتىدارى ………… 77

بۇلارنى قانداق ئولتۇرغۇزۇش كېرەك ………… 77

نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئورنى ………… 78

7 - ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋاپلىرى ………… 79

## — △ قىزىقارلىق تەجرىبە △ —

مېتاللارنىڭ كۆچۈشى ………… 81

تارتىش كۈچىگە ئىگە بارماق ………… 83

سوغاق سۇدا سۇ «قاينىتىش» ………… 83

بوشلۇقنى ھاۋا ئىگەللەپ تۇرامدۇ؟ ………… 85

«بوش» بوتۇلكىغا سۇ قۇيغىلى بولامدۇ؟ ………… 86

## — △ بىلىۋېلىڭ △ —

△ توپ تۇلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى (87) △ ئەگەر يەر شارىنى يۈز ياش دېسەك (88) ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى (89) △ قىزىقارلىق بىلىم (89) △ ھاۋانى پات - پات ئالماشتۇرۇش پايدىلىق (90) △ جۇڭگو خەلقى بىر كۈندە (91) △ دەرس ۋاقتىدا مۈگدەپ قالسىڭىز (91) △ جۇڭگو بىناكارلىقىدىكى ئەڭ ………… 92

مۇشتىرىلاردىن خەت ………… 93

## — △ مۇسابىقە مەيدانى △ —

5 - ساندىكى مۇسابىقە سوئاللىرىنىڭ جاۋابى ………… 94

5 - ساندىكى مۇسابىقىدا نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر ………… 95

8 - ساندىكى مۇسابىقە سوئاللىرى ………… 96

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: گۈل - غۇنچە

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئۆزئارا ئۆگىنىش




ئايخان ئىسمائىل

(قۇمۇل شەھەرلىك ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق
1 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

دوستۇم، سەن ئەجەپمۇ بىر يارىماس ئىش قىلدىڭ - دە! پۇتۇڭنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ ساڭا تەلمۈرۈۋاتقان ئاشۇ بىر تال بورنى ئېلىۋەتسەڭ، بىچارە بور قانچە خۇشال بولغان بولاتتى؟! ئۇ ئاق تېنىنىڭ توپىغا مىلىنىپ، ۋاقىتسىز يەنچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ «دىر - دىر» تىترىگەنچە سەن ئۇنى كۆرمىدىڭ ... ياق، كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە تەنلىرىنى قاتتىق ئايىغىڭ بىلەن يەنچىپ توپىغا مىلىدىڭ ...سەن مۇشۇ يارىماس قىلغىڭ بىلەن بورنى ئەمەس، مېنى دەسسىگەندەك تۇيۇلىۋاتىسەن ...مېنىڭ ۋاقىرىغىنىم، ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ بارغىنىم بىكارغا كەتتى ...




ئويلىغىنا دوستۇم! سەن ھېلىلا يەنچىۋەتكەن ئاشۇ بورنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل بېجىرىم تۇرقى قانچىلىك ئەمگەك بەدىلىگە



AltunOq

كەلگەندۇ؟ سەن بۇنى ئويلىمىدىڭ، شۇ كىچىك بورنى ياسىغىچە ئاچچىق توزۇندىلاردا قىيىنىلىپ، قان - تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن ئىشچى تاغىلىرىڭنى ئويلىمىدىڭ، بۇ ھەقتىكى تەسىرلىك ھىكايىنى سۆزلەپ قەلبىڭدە بورغا مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغاتماقچى بولغان ئۇستازىڭنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئېسىڭگە ئالمىدىڭ.

سەن بورنى يەنچىپ تاشلىۋېتىپ، ئىشچى تاغىلىرىڭنىڭ ھالال مېھنىتى، قىممەتلىك ئەجرىنى دەپسەندە قىلدىڭ، سېنىڭ پۇتۇڭغا يۇققان نەرسە بور توزۇندىسى ئەمەس، قان - تەر! ... شۇڭا سەن بۇنى دەسسەپ، پەرۋاسىز كېتىۋەردىڭ، باشقا ساۋاقداشلارمۇ سەندىن رەنجىپ ھۇمىيىۋاتىدۇ ... دوستۇم، كەينىڭگە قارا! سەن دەسسەپ يەنچىۋەتكەن بور ھازىر قانداق ھالەتكە كىرىپ قالغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقە! قايت، ئارقاڭغا يان، ئۇنى ئاۋايلاپ ئال - دە، پاكىز سۈرتۈلگەن دوسكىغا ئۇنىڭ بىلەن خەت ياز! ئاخىرقى ھاياتىدا ئۇ ئارزۇسىغا يەنە بىر قانسۇن!... ھە، بەللى! دوستۇم، قېنى ئەمدى سەن مىليونلىغان يۈرەكلەردە سۆيۈنۈش بىلەن يادلىنىۋاتقان مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى ياز:

«بىر تال بور — بىر تامچە قان!»

> ئەي بالام، ھاجەتمەن كىشىلەر ئالدىڭىزغا كېلىپ قالسا مەردانىلىق بىلەن ھاجىتىنى راۋا قىلىڭ. ھاجىتىنى راۋا قىلغاندىن كېيىن غادىيىۋالماي، كەمتەر بولۇڭ.




## زۇلخۇمار ئۆمەر

(قاغىلىق ناھىيە ئىچىرا يېزا رامىزان بېغى باشلانغۇچ
مەكتەپ 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

سۆيۈملۈك ئۇستازىم!

سىزنىڭ خىزمىتىڭىز نېمە دېگەن جاپالىق، نېمە دېگەن شەرەپلىك! شان - شەرەپ مۇنبىرىدىكى ئورنىڭىز ھەممىدىن يۈكسەك، ھەممىدىن قىممەتلىك. لېكىن سىز يەنىلا كەمتەرسىز. يەنىلا ئاشۇ ئاددى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئىچىدىكى سىنىپلاردا قولىغا يېڭىدىن قەلەم ئالغان بالىلار ئۈچۈن پايىپېتەك بولىسىز، قەدەم ئىزلىرىڭىزنى قالدۇرىسىز. بور تۇتقان ئاشۇ خاسىيەتلىك قولىڭىز قاراڭغۇ كېچىدەك دوسكىنى يورۇتىدۇ. ئۇنىڭغا ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى، ياق، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان بىلىم گۆھەرلىرىنى تىزىدۇ. سىز مانا بۇلارنى بوردا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي يۈرەك قانلىرىڭىزدا تىزىپ چىقىسىز.

ئاھ، سۆيۈملۈك ئۇستازىم! سىز بۇ دۇنيادىكى بىردىن - بىر قەدىرلىك كىشىمىز. سىزنىڭ ئاۋازىڭىز بىز ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق ناخشا، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز بىز ئۈچۈن ئەڭ سەلتەنەتلىك يۈرۈش سىگنالى، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز بىز ئۈچۈن — پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك بولغان شىپالىق دورا!

ئۇستازىم! سىزنى تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. سىزنىڭ جاپالىق خىزمىتىڭىزنى ئەينەن تەسۋىرلىيەلمەيدىغانلىقىمنى ھەم بىلىپ تۇرۇپتىمەن. لېكىن قەلبىمىزدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۆيگۈ دەرياسى ھامان سىز تەرەپكە ئاقىدۇ. تىلىم ھامان سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزنى يادلايدۇ. قەلبىم ھامان، سەبىلەر قەلبىدەك ئاق، ئۇستازلار قەلبىدەك پاك ئاق قەغەزگە سىزنىڭ پارلاق ئوبرازىڭىزنى سىزىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

سۆيۈملۈك ئۇستازىم! دۇنيادىكى بارلىق داھىي، قوماندان، ئالىم، مۇتەخەسسىس، شائىر، يازغۇچى — ئۇلۇغ ھەم ھالال ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى سىزگە ھۆرمەت بىلەن تەلپۈنىدۇ. چۈنكى، سىز ئۇلارنىڭ ئۇستازى، شۇڭا بارلىق شان - شەرەپ سىزگە مەنسۇپ!

ئەي بالام، ئاتا - ئانىڭىز، ئاچا - سىڭىللىرىڭىز ئالدىدا بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلماڭ، يالىڭاچ بەدەن يۈرمەڭ، تاماكا چەكمەڭ، ھاراق ئىچمەڭ. چوڭلار، ئۇستازلار ئالدىدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش ئەڭ ئالىي خىسلەتتۇر.

# ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن

[خۇنەن شاۋياڭ ناھىيىلىك ئاپتوموبىل زاۋۇدى پەرزەنتلەر مەكتىۋىدىن سۇن ياڭ (ئوغۇل، توققۇز ياش)]

ئىسمىم: سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن پەمىلداش، قۇياش بىلەن ئىسىمداش.

جىنسىم: دادام بىلەن ئوخشاش.

يېشىم: «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىدىن توققۇزنى ئۆتكۈزگەن.

مەدەنىيەت سەۋىيەم: بۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىمەن. چىراي شەكلىم: يۈزۈم بىلەن بۇرنۇمنىڭ پاناقلىقى، پۇت - قولۇمنىڭ چوڭلۇقى دادامغا بەك ئوخشايدۇ، قارىقاشلىقىم ھەم كۆزۈم ئاپامنى تارتقان. بويۇم ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس. ئۆزۈم ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس.

ئارتۇقچىلىقىم: مەن مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن تىزدىمغا ئالدۇرغىلى كەلگەن كۈنى ئوقۇتقۇچى «= 5 − 1 + 3» نى يېزىپ، مەندىن ئىمتىھان ئالماقچى بولدىيۇ، ئۇ دەرھال:

— خاتالاشتىم، — دىدى. مەن شۇ هامان:
— باراۋەر «1 = » دەپ جاۋاپ بەردىم. ئوقۇتقۇچى هەيران بولغان هالدا:
— ئىسمىنىڭ كېمەيگۈچى سان ئىكەنلىگىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.
— مەن كېمەيگۈچى يېتىشمىسە سىزنى قەرزدار قىلىپ قويىدۇ، — دىدىم. ئوقۇتقۇچى بېشىمنى سىلىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان نەتىجە كۆرسەتكۈچىمگە «ئۆگىنىشتە ياخشى، ئەمگەكنى سۆيىدۇ، جانلىق» دەپ يېزىلىپ كەلدى. ساۋاقداشلىرىممۇ مېنى: «بىگىسىي بار» دەپ تەرىپلىشىدۇ. مەن دەرەخكە چىقالايمەن، تىك-تاك توپ ئوينىيالايمەن. سىنىپىنىڭ قارا دوسكىسىغا رەسىم سىزىش، خەت يېزىشلارنىڭ هەممىسىگە مەن مەسئۇل. مەن يەنە هىكايە كىتاپ ئوقۇشقا بەك قىزىقىمەن. كىتاپنى ئوقۇپ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى هەمراھلىرىمغا سۆزلەپ بېرەلەيمەن. مەن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە هەۋەس قىلىمەن. بۇرۇن مەن هەر كۈنى ئەتىگەندە دادامنىڭ ئىنگلىزچە بىر نىمە دەپ چۈشەكەيدىغانلىغىغا هەيران بولۇپ: «مەنمۇ ئىنگلىزچە ئۆگىنىمەن» دەپ جىدەل قىلاتتىم. دادام: بوپتۇ، بۇرۇنراق ئۆگەنگەنمۇ ياخشى دىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ هەر كۈنى ئەتىگىنى-ئاخشىمى دادامدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىدىم، هەرپ، ئاهاڭ بەلگىلىرىنى ئۆگىنىپ بولۇپ، نۇرغۇن خام سۆزلەرنى خېلى پىششىق يادلىۋالغان ئىدىم. بەزى چاغلاردا دادام خەنزۇچە لاتىن يېزىغى بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلەرنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، مەندىن ئىمتىهان ئالسا، مەن دەرهال پەرق ئېتىپ ئوقۇپ بېرەلەيتتىم، بىر قېتىم ئوقۇتقۇچى ماڭا دوسكىدا «是» خېتىنىڭ پىنيىنىنى يازدۇرماقچى بولغاندا، مەن دىققەتسىز-



AltunOq

لىكتىن ناھايىتى تېزلا ئىنگلىزچە «yes»نى يېزىپ قويۇپتىمەن.
ئوقۇتقۇچى كۈلۈمسىرىگىنىچە ئولتۇرۇشۇمغا ئىجازەت بەردى.

كەمچىلىگىم: ئوقۇتقۇچۇمنىڭ كۆرسىتىشىچە، دەرسكە كۆڭۈل قويمايدۇ، قىزىققان، ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدۇ دىگەنلەر. دادام بولسا ئەمىلىي ئەھۋالىمنى يەكۈنلەپ: قامچىلاپ تۇرمىسا ئۆگەنمەيدۇ، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ئاجىز، ماختاشنى، ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، تالاغا چىقسىلا ماجىرا تۇغدۇرىدۇ، بۇرنىنى ئېرتمايدۇ. پوتىلىسى ئاغزىغا كىرىپ كەتسىمۇ كارى بولمايدۇ، ئەدەپسىز، ئىشىكنى ئېچىپلا بوسۇغىدا سىيىدۇ، يۈزى قېلىن، گەپ ئۆتمەيدۇ، دەيتتى. تەتىل مەزگىلىدە بىر قېتىم مەن مەكتەپكە ئوينىغىلى بېرىپ، پوچتالىيون تاغىنىڭ بىر پارچە خەتنى ئىشخانىنىڭ ئىشىگىگە قىستۇرۇپ قويۇۋاتقانلىغىنى كۆردۈم -دە، ئۇ كەتكەندىن كېيىن يەنە باشقا بىرنەچچە ساۋاقدىشىم بىلەن ئىشىكنىڭ قىسىلچىغىدىكى خەتنى چىۋىقتا چىقىرىۋالدۇق. بىر بالا خەتنىڭ ماركىسىنى يىرتىۋالدى، مەن بولسام خەتنى يىرتىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتىم ... مۇشۇ ۋەقە بىلەن دادامدىن تازا قاتتىق تاياق يېدىم. بۇ يىلقى مەۋسۇملۈك باھالاشتا مېنىڭ تىل ۋە ھىساپ نومۇرۇم 90 گە چۈشۈپ قالدى. ئەمدى بۇرۇنقىدەك قوش يۈزلەرنى ئالالمايدىغان بولدۇم. شۇ سەۋەپتىن بالىلار بايرىمىدا دادام بىلەن ئاپام بېرىدىغان بايراملىق پۇلدىنمۇ قۇرۇق قالدىم. مېنىڭ راستىلا پىكىر قىلىش قابىلىيىتىم ئاجىز ... ئوقۇغان-لىرىمنى ئەستە ساقلىيالمايدىم؟

ئەمدىكى ۋەدەم: مەن بۈندىن كېيىن كەمچىلىكلىرىمنى تۈزىتىپ، ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا، مەخسۇس گەپ ئاڭلىمايدىغان بەڭۋاش بالىلارنىڭ مىڭىسىنى داۋالاي-دىغان چوڭ تىببى ئالىم بولۇشقا ئىرادە باغلايمەن!

خەنزۇچىدىن: **خالىدە** تەرجىمىسى

# ستارنىڭ كۈتۈپخانىسى

مەن ستارىنىڭ ئۆيىگە بارغان. ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ئۇنىڭ كىتاپلىرىغا ئىختىيارسىز ھەۋەسىم كەلدى. ئائىلىسى ئۇنچىلىك باي بولمىسىمۇ — كىتاپ سېتىۋېلىشقا ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلى بولمىسىمۇ، بىراق ستارى ئىشلەتكەن دەرسلىكلىرىنى ۋە تۇققانلىرى تەقدىم قىلغان كىتاپلارنى ناھايىتى ياخشى ساقلايتتى. ئۆيدىكىلىرى بەرگەن پۇلنى خەجلىمەي پۈتۈنلەي كىتاپ سېتىۋالاتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ نۇرغۇن كىتاپ توپلىغان ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ كىتاپقا ئامراقلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان چىرايلىق كىتاپ جاۋىنى ئېلىپ بېرىپ، ئالدىغا يېشىل پەردە تارتىپ بەرگەن ئىدى. ستارى كىتاۋىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان رەت بويىچە تۈپلىگەن بولۇپ، كىتاپ كۆرمەكچى بولسا، كىتاپ جازىسىدىكى بىر تال ئىنچىكە شوينىنى تارتىشى بىلەنلا يېشىل پەردە بىر ياققا يىغىلىپ، ئۈچ رەت قاتار تىزىلغان ھەر خىل رەڭدىكى كىتاپلار كۆرۈنەتتى، كىتاپلارنىڭ يېنىغا پارقىراق ئالتۇن ھەللىك خەت بېسىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھېكايىلەر، ساياھەت خاتىرىلىرى، شېئىرلار توپلىمى ۋە رەسىملەر توپلىمى بار ئىدى. كىتاپلارنىڭ رەڭگىمۇ ناھايىتى ياخشى تاللانغان ئىدى. ئاقلىرى قىزىللىرىنىڭ يېنىغا، سېرىقلىرى

قارىلىرىنىڭ يېنىغا، كۆكلىرى ئاقلىرىنىڭ يېنىدا يانداش
قويۇلغان بولۇپ، بىر ياقتىن قارىسا بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈ-
نەتتى! ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ دائىم كىتاپ-
لىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىۋىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى
قىرائەتخانا باشقۇرغۇچىسىغا ئوخشاش كىتاپلارنىڭ مۇندەرى-
جىسىنى تۈزۈپ چىققان ئىدى. ئادەتتە بوش ۋاقىت تاپسىلا
كىتاپ جاۋىنىنىڭ ئالدىدىن كەتمەي چاڭ-توزاڭلارنى سۈر-
تەتتى ياكى كىتاپ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ كىتاپ تۈپلىگەن
يىپىنىڭ بوشاپ قالغان-قالمىغانلىغىنى تەكشۈرەتتى. ئۇنىڭ
دىققىماق قوللىرى بىلەن كىتاپلارنى تەپسىلى ئېچىپ، كىتاپ
ئاردىلىقلىرىنى پۈۋلىگەن ھالىتىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ
جەزمەن زوقى كېلەتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئەستايى-
دىل بولغاچقا، كىتاپلار ناھايىتى يېڭى ساقلانغان ئىدى.
بىراق مېنىڭ كىتاپلىرىم ئوقۇپ بولۇشۇم بىلەنلا ۋەتۋەرىگى
چىقىپ كېتەتتى. ستارد بولسا سۈرتۈپ تۇرۇپ كىتاپ جاۋى-
نىغا تىزاتتى ھەمدە پات-پات چاڭ-توزاڭلارنى تازىلاپ
رەتلەپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر سائەت ئوينىدىم.
ئۇ ماڭا كىتاپتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى كۆرسەتمىدى.
ئۇ كىتاپنى كۆپ كۆرگەنلىكتىن، كۆزىنىڭ كۆرۈشىمۇ ئانچە
ياخشى ئەمەس ئىدى. بىز ئويناۋاتقاندا ئۇنىڭ دادىسى بىر
ئىش بىلەن كىرىپ قالدى-دە، ستاردنىڭ گەدىنىگە نوقۇپ
قويۇپ بوم ئاۋازى بىلەن:

— مۇشۇنىڭ مىڭىسى خېلى ئىشلەيدىغاندەكمۇ قىلىدۇ.
قانداقراق ئادەم بولاركىن! — دېدى. دادىسى ئۇنىڭ
بېشىنى سىلاۋاتقاندا، ستارد خۇددى ئەركىلەۋاتقان ئوماق
ئاپشاركىدەك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇراتتى. نىمە ئۈچۈن-

دۇر ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنىڭ مەندىن بىر ياشلا چوڭ ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەل-مەيتتى. قايتىشىمدا، ئۇ مېنى دەرۋازىغا ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ: «خەير - خوش!» دىدى، مەنمۇ چوڭ ئادەملەردەك: «خەير-خوش!» دىدىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دادامغا:



— ستاردىنىڭ يا تالانتى-نىڭ، يا سالاپىتىنىڭ تايىنى يوق. رەڭگى - رويىمۇ كۈل-كىلىك، بىراق، ئۇ نېمىشقا ماڭا ھۆرمەتكە لايىقتەك تۇرىدۇ، — دىدىم.

— چۈنكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا شىجائەتلىك بولغانلىقىدىن، — دەپ جاۋاپ بەردى دادام.

— ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ مەن بىلەن كۆپ پاراڭ-لاشمايدۇ. ئويۇنچۇقلىرىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، ھەتتا كۈلۈپمۇ قويمايدۇ، بىراق، مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن، — دىدىم مەن يەنە.

— بۇ سېنىڭ ئۇنىڭغا قايىل بولغانلىقىڭدىن، — دىدى دادام.

«مۇھەببەت تەربىيىسى» دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى

راست ئالىم ھىلىدىن يىراقتۇر، يىراق،
نۇرنىڭ ئۆز سىماسى بولمايدۇ ھىچۋاق.
— خۇسراۋ دىھلەۋىي



# دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى

ھۆرمەتلىك نەسىردىن ئەپەندى، مەن سىزدىن مۇنداق ئۈچ سوئالنى سورىماقچىمەن:

1. ئالىملار نېمە ئۈچۈن ۋاقىتنى ئالتۇندىن قىممەت دەيدۇ؟

2. رادىئو دولقۇنلىرى تۈرلۈك رەقەملەردىن تۈزۈلىدىكەن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاڭلىتىش بېرىدىغان دولقۇنلىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەمدۇ ياكى بۇنىڭ خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى بارمۇ؟

3. ئىككىنچى ئاي نېمە ئۈچۈن بەزى يىللىرى 28 كۈن بولىدۇ؟

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 1 - يىللىق 3 - سىنىپتىن: **ئىلياس تۇردى**



ساۋاقداش ئىلياس تۇردى، ئۈچ سوئالىڭىزغا تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بېرىمەن:

1. كىشىلەر دائىم «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت، ۋاقىت بولسىلا ھەممە ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت، ۋاقىت بولسىلا ئالتۇننى كانلار-



AltunOq

دىن قېزىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ياسىغىلى بولىدۇ. ۋاقىت بولسىلا تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىممەتلىك مۆجىزىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. ۋاقىت بولسا ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ۋاقىت بولمىسا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

دۇنيانىڭ ھازىرقى ھالىتى — ئىنسانلار كەشىپ قىلغان ھەممە نەرسىلەر مەلۇم ۋاقىت كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا مەيدانغا كەلگەن. سىزنى ئالساق، پەقەت ۋاقىت بولغاندىلا كىتاب ئوقۇپ يېڭى بىلىملەرنى ئالالايسىز ۋە ئۇنى تەكرارلاپ پۇختا بىلىۋالالايسىز. ئاتىڭىز پەقەت ۋاقىت بولغاندىلا ئىشلەپ سىزنى باقالايدۇ. بىر مىنۇت ۋاقىت بەزىدە تارىخنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەپ بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىغا ۋە ئۇلار ياراتقان ئالتۇندىنمۇ قىممەت بولغان مۆجىزىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق ۋاقىت تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئىزلىنىش، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىقلا بارلىققا كەلگەن. ۋاقىت بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كەشپىيات ۋە تۆھپىلىرىمۇ بولمىغان بولاتتى. شۇڭا ئادەملەر ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەت، ۋاقىتنىڭ ئۆزى ھەلبە دىگەن ئىلمىي خۇلاسىنى چىقارغان. ئەگەر سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بولمىغان بولسا، بىزگە سوئال قويۇپ بۆگۈنكى جاۋاپنى ئالالمايتتىڭىز. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ۋاقتى بولمىغاندا، سىزگە بۇ جاۋاپنىمۇ بېرەلمىگەن بولاتتى، ۋاقىت ھەقىقەتەن بىباھا گۆھەر. كونىلار شۇڭا: «ۋاقتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى!» دەيدۇ.

2. سىز كۆرۈپ تۇرغان رادىيو نومۇرلار دولقۇننى ئەمەس بەلكى، چاستوتا (دولقۇننىڭ تەۋرىنىش تەكرارلىقى) نى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى گېرتس دەپ ئاتىلىدۇ.

رادىيو دولقۇنلىرى ئەمەلىيەتتە ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنلىرىدىن ئىبارەت. رادىيو دولقۇنلىرى ئۇزۇن دولقۇن، ئوتتۇرا دولقۇن، قىسقا دولقۇن، ئۇلترا قىسقا دولقۇن دەپ تۆتكە بۆلۈنىدۇ. ئۇزۇن دولقۇننىڭ ئۇزۇنلۇقى مېتىر بىلەن، ئوتتۇرا دولقۇننىڭ ئۇزۇنلۇقى مېتىر ياكى سانتىمېتىر بىلەن، قىسقا دولقۇننىڭ ئۇزۇنلۇقى مىللىمېتىر، ئۇلترا قىسقا دولقۇنلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى مىكرون بىلەن ئۆلچىنىدۇ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بىلەن چاستوتا ئوتتۇرىسىدا $v\lambda = C$ مۇناسىۋىتى بار. يەنى چاستوتا $v$ بىلەن دولقۇن ئۇزۇنلۇقى $\lambda$ نى كۆپەيتسەك يورۇقلۇق تېزلىكى C كېلىپ چىقىدۇ. بىز بۇنىڭدىن $v = \frac{C}{\lambda}$ فورمۇلىسى ئارقىلىق چاستوتىنى تاپالايمىز. دېمەك، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى چوڭ بولسا چاستوتا كىچىك، دولقۇن قىسقا بولسا چاستوتا چوڭ بولىدۇ.

ئادەتتە دولقۇن ئۇزۇنلۇقى چوڭ بولغاندا چاستوتىسى ۋە ئېنېرگىيىسى كىچىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يىراق جايلارغا يېتىپ بارالمايدۇ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى كىچىك بولسا ئېنېرگىيىسىمۇ، چاستوتىسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يىراق جايلارغا بارالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا ئاڭلىتىش بېرىدىغان رادىيو ئىستانسىلار قىسقا دولقۇن ئىشلىتىدۇ. قىسقا ۋە ئۇلترا قىسقا دولقۇندا بېرىلگەن ئاڭلىتىشلارنى دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى رادىيو ئىستانسىلىرى رادىيو

دولقۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللايدۇ. يەنى، يېقىن جايغا تارقىتىش توغرا كەلسە ئۇزۇن دولقۇندا، يىراق جايغا تارقىتىش توغرا كەلسە قىسقا دولقۇندا تارقىتىدۇ. مەسىلەن، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ خەلقئاراغا بېرىدىغان ئاڭلىتىشى قىسقا دولقۇندا، مەملىكەت ئىچىگە بېرىدىغان ئاڭلىتىشى ئوتتۇرا ياكى ئۇزۇن دولقۇندا بېرىلىدۇ. قايسى خىل دولقۇن ياكى چاستوتىدا تارقىتىشنى رادىيو ئىستانسىلار ئۆزى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭدا خەلقئارالىق ئۆلچەم يوق. رادىيودىكى رەقەملەرنىڭ تۈرلىرى ئۇزۇن، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇن ياكى ئۇلارغا ماس كەلگەن چاستوتىلارنى كۆرسىتىدۇ.

3. قەدىمقى يىلنامىلەردە ھەر ئاينىڭ كۈن سانى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن. بەزىلەر بىر يىلنى 13 ئايغا بۆلۈپ، ھەر ئاينى 28 كۈن، پەقەت 13 - ئاينىلا 29 كۈن قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. بىراق، 13 - ئاينى تۆت پەسىلگە بۆلۈش قولايسىز بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. دېمەك، بىر ئاينىڭ قانچە كۈن بولۇشىنى كىشىلەر پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارى بويىچە بەلگىلىگەن. مەسىلەن: مېكسىكىلىقلار بىر يىلنى 18 ئايغا بۆلۈپ، ھەر ئاينى 20 كۈندىن قىلىشنى يولغا قويغان. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاسى كايسار 7 - ئايدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان ئاينى چوڭ ئاي قىلىپ بەلگىلىگەن. كايسارنىڭ يىلنامىنى مۇنداق خالىغىنىچە ئۆزگەرتىشى باشقىلارنى نارازى قىلغان. كېيىن پادىشا ئۇگۇستۇسمۇ ئەجدادى كايساردىن تەلىم ئېلىپ، ئۆزى تۇغۇلغان 8 - ئاينىمۇ چوڭ ئايغا ئۆزگەرتكەن، ئەمما، يەر شارىنىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن 365 كۈن 5

سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت كېتىدۇ. مانا بۇ ئەڭ
توغرا بىر يىل. ئەمما بىز پۈتۈن سانىنى بىرلىك قى-
لىپ 365 كۈننى بىر يىل ھىساپلايمىز. ئەمىلىيەتتە 1-
ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 31-كۈنىگىچە كالىنىدارنىڭ
ۋارىقى يىرتىلىپ تۈگەيدۇ. لېكىن بۇ چاغدا يەر شارى
قۇياشنى تېخى بىر قېتىم ئايلىنىپ بولالمايدۇ. يەنى 5 سائەت
48 مىنۇت 46 سېكۇنت ئېشىپ قالىدۇ. بۇ قالدۇق سان
4 يىلدا 23 سائەت 15 مىنۇت 4 سېكۇنت بولۇپ، بىر كۈن
ۋاقىتقا تەڭلىشىپ بارىدۇ، شۇڭا كىشىلەر 1-، 2-، 3-يىلنى
365 كۈن قىلىپ، ئۇنى ئادەتتىكى يىل دەپ ئاتاشتى، 4-
يىلنى 366 كۈن قىلىپ، ئۇنى كەبىسە يىلى قىلىپ بەلگى-
لىدى. شۇڭا كەبىسە يىلىدىكى 2-ئاي 29 كۈن بولىدۇ،
كەبىسە يىلى 4 يىلدا بىر قېتىم كېلىدۇ.

ھۆرمەتلىك نەسىردىن ئەپەندى: بەزىلەر كۈنگە ئۇچ-
تىن ياڭاق يەپ بەرسە ئۆسمۈرلەرنىڭ مېڭىسى ئۆتكۈر بو-
لىدۇ، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ياڭاقنى كۆپ يىسە ئادەمنىڭ
قۇلىقى گاس بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭ زادى قايسىسى توغرا؟

مارالۋېشى ناھىيە يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپ 3-يىللىق 2-سىنىپتىن تاھىرجان ئەمەت



ساۋاقداش تاھىرجان:
ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى
يۇقۇرى بولۇپ، تەركىۋىدە ئاق-
سىل، ماي، قەنت، ۋېتامىن A،
B، C، E، كالتسىي، فوسفور،
تۆمۈر، ماگنىي، يود، سىنىك،
مانگان، خروم قاتارلىق مىنې-

رال ماددىلار بار. بىر جىڭ ياڭاقنىڭ ئۇزۇقلۇق قىممىتى بەش جىڭ تۇخۇم ياكى توققۇز جىڭ كالا سۈتىنىڭ ئۇزۇقلۇق قىممىتى بىلەن باراۋەر. شۇڭا چەتئەللەردە ياڭاق «ئۇزۇقلۇق پادىشاسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ياڭاق بولۇپمۇ ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسىغا پايدىلىق بولۇپ، باش قېيىش، ئۇيقۇ قېچىش، ئۇنتۇغاقلىق، يۈرەك سېلىش، ئىشتەي تۇتۇلۇش، بەل-پۇت تېلىپ ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ ۋە ئۆتتە تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭا كۈندە ئىككى-ئۈچ تالدىن ياڭاق يەپ بېرىش پايدىلىق. ياڭاقنى كۆپ يېسە گاس بولۇپ قالىدۇ، دىگەن سۆز ئاساسسىز.

ھۆرمەتلىك نەسىردىن ئەپەندى: مەن ئاخشىمى ياتقاندا ئۇخلايمەن دەپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋالسام‌مۇ، ئۇيقۇم يەنىلا كەلمەيدۇ. ئاخشىمى ئىككى-ئۈچ سائەتكىچە ئۇيقۇم كەلمەي، خىلمۇ-خىل خىياللار بىلەن يېتىپ، كېيىن قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمەي قالىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

يەگەن ناھىيە ئىگەچى يېزىلىق ھۆكۈمىتى جالى
باشلانغۇچ مەكتىۋىدىن تاش رازىق

ساۋاقداش تاش رازىق: سالامەتلىك ئۈچۈن يېتەرلىك ئۇخلاش بەكمۇ مۇھىم. لېكىن بەزىلەر سىزگە ئوخشاش ئاسان ئۇخلىيالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەپلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەگەر ياخشى ئۇخلاي دىسىڭىز، تۆۋەندىكىلەرگە



دىققەت قىلىڭ:

1) ۋاقتىدا يېتىشنى ئادەت قىلىڭ.

2) ئۇخلاشتىن ئىلگىرى پۇتنى ئىلمان سۇدا بىرنەچچە مىنۇت يۇيۇڭ، زىيادە تويۇپ تاماق يېمەڭ.

3) كۈندۈزى ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئادەت قىلىڭ.

4) ياتاق، ئۆي زىيادە ئىسسىپ كەتمىسۇن، بەك يورۇق بولمىسۇن، چىراقنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭ.

5) ئۇخلايدىغان چاغدا ئەتراپىڭىزدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولمىسۇن.

6) ياتقاندىن كېيىن ھەر خىل خىياللارنى قىلماڭ.

7) ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاچچىق چاي ياكى ئۇيقۇ قاچۇرىدىغان يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلماڭ.

8) ياستۇقنى زىيادە ئېگىز ياكى پاكار قويۇپ ياتماڭ.

9) ئىچ كىيىملىرىڭىز كەڭرەك، پاكىز بولسۇن.

10) ئوڭ تەرەپنى بېسىپ، پۇتنى ئازراق پۈكۈپ، بەدەننى بوش، ئەركىن قويۇپ يېتىڭ.

11) ياتقاندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ، بىردىن يۈزگىچە ئىچىڭىزدە ساناڭ.

ھۆرمەتلىك نەسرىدىن ئەپەندى: بارلىق پىلانىتلار قۇياش سېستىمىسىنى بويلاپ ھەركەت قىلىدىكەن، ئۇلار بىر بىرى بىلەن سوقۇشۇپ كەتمەمدۇ؟ ياكى چوڭ پىلانىتلار

ئۆزىدىن كىچىك بولغان پىلانېتنى تارتىپ كەتمەمدۇ؟ ئەگەر پىلانېتلار سوقۇشۇپ كەتسە، ياكى چوڭ پىلانېتلار ئۆزىدىن كىچىك پىلانېتنى تارتىپ كەتسە قانداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ؟

شايار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 - يىللىق 4 - سىنىپتىن ئۆمەرجان كېرەم

ساۋاقداش ئۆمەرجان كېرەم: يەر شارى ۋە باشقا پىلانېتلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئوقىدا قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ. مانا بۇ 16 - ئەسىردە پولشا ئالىمى كوپېرنىكنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قۇياش مەركەز تەلىماتى.

بۇ تەلىماتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كوپېرنىكنىڭ شاگىرتى گېرمانىيىلىك كېپلېر ئۇزاق يىللار ئىزلىنىپ تۆۋەندىكىدەك قانۇنىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:



بارلىق پىلانېتلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئېللىپىس شەكلىدىكى ئوربىتىلار (ئوربىتا — پىلانېتلارنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغاندا قالدۇرغان ئىزى) بويىچە قۇياشنى ئايلىنىدۇ. قۇياش بۇ ئېللىپىسلارنىڭ بىر فوكۇسى ئۈستىدە ياتىدۇ.

ھەر قايسى پىلانېتلارنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى قۇياشقا يېقىن ئوربىت-

دا تۇرىدۇ. ئۇلارغا قۇياشنىڭ تارتىش كۈچى كۈچلۈك بو-
لىدۇ، يەنە بەزىلىرى قۇياشقا يىراقراق بولغان ئوربىتىلاردا
تۇرىدۇ. ئۇلارغا قۇياشنىڭ تارتىشىش كۈچى ئاجىزراق بولىدۇ.

ھەرقايسى پىلانىتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئوربىتىسى بو-
لىدۇ. يەنى ئىككى پىلانىتا بىر ئوربىتىدا ھەرىكەت قىلماي-
دۇ، بەلكى ئۆزىگە خاس بولغان ئوربىتا بويىچە قۇياشنى
ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. دېمەك، قۇياش سىستېمىسىنى بوي-
لاپ ھەرىكەت قىلىدىغان ھەر قايسى پىلانىتلار ئۆز ئوربىتى-
سىدا ھەرىكەت قىلغاچقا بىربىرى بىلەن سوقۇشۇپ كەتمەي-
دۇ. پىلانىتلار ئارا تارتىشىش كۈچى قۇياشنىڭ پىلانىتلارنى
تارتىش كۈچىدىن كۆپ كىچىك بولغاچقا، ئۇلار پەقەت قۇ-
ياش تەرىپىدىنلا تارتىلىدۇ. چوڭ پىلانىتلار ئۆزىدىن كىچىك
پىلانىتلارنى تارتىپ كېتەلمەيدۇ.

ھۆرمەتلىك نەسىردىن ئەپەندى: بىر ئادەمگە ئۆمرىدە قان-
چە قېتىم چىش چىقىدۇ؟ ھەر قېتىمدا قانچە تال چىش چىقىدۇ؟

قۇمۇلدىن: **روشەنگۈل**

ساۋاقداش روشەنگۈل:

بىر ئادەمگە ئۆمرىدە ئىككى قېتىم چىش چىقىدۇ. دەسلەپ
چىققان چىش، سۈت چىشى دېيىلىدۇ. بۇ چىش بالا تۇغۇ-
لۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن چىقىشقا باشلاپ، بالا ئىككى-
ئۈچ ياشقا كىرگىچە 20 تال چىش چىقىدۇ. ئىككىنچى
قېتىم چىققان چىش، ئەقىل چىشى دېيىلىدۇ. بۇ چىش بالا
ئالتە-يەتتە ياشقا كىرگەندە چىقىشقا باشلاپ 25 ياشقا
كىرگىچە تولۇق چىقىپ بولىدۇ. بۇ چىش جەمئى 32 تال
بولىدۇ. بەزى كىشىلەرگە پەقەت 28 تاللا چىش چىقىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئەسرىدىن ئەپەندى: مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا خېلىلا ياخشى ئوقۇيتتىم. بىراق نىمە ئۈچۈندۇر ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئوقۇشتا بەكلا چېكىنىپ كەتتىم. مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئۇ بۇرۇن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا دەرستە ئىنتايىن ناچار ئىدى. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئوقۇشتا ئىنتايىن ياخشى بولۇپ كەتتى. سىزنىڭ مۇشۇ سوئالىمغا توغرا جاۋاپ بېرىپ، مېنىڭ ياخشى ئوقۇشۇمغا تۇسقۇن بولۇۋاتقان تۈگۈننى يېشىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز
1 - يىللىق 4 - سىنىپتىن: **مۇنەۋۋەر سۇلتان**

ساۋاقداش مۇنەۋۋەر سۇلتان: سىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزنى ئوبدان ئەسلەپ، شۇ ۋاقتىتىكى ئۆگىنىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋالىڭىزنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەڭ. ئەگەر سىز بۇ تەجرىبىنى يەكۈنلەشكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلسىڭىز، بۇ مەسىلىگە جاۋاپ تاپالايسىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا باشلانغۇچ مەكتەپتە پۇختا ئاساس قۇرۇپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرستە چېكىنىپ كەتمەيدۇ. لېكىن چېكىنمەيدىكەنمەنغۇ دەپ بىپەرۋالىق قىلغان بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا بەزىدە چېكىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە: باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىرى بىر قەدەر ئاددى،

مەزمۇنلىرىمۇ كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچى قايتا ـ قايتا ئۆگىتىدۇ، شۇڭا، ئەستە ئوڭاي قالىدۇ ۋە ئىمتىھاندىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىمىز. ئوتتۇرا مەكتەپ-كە چىققاندا يالغۇز ئەستە قالدۇرۇشقا تايىنىپلا ياخشى ئۆگىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرس تۈرى، مەزمۇنلىرى كۆپرەك ھەم مۇرەككەپرەك بولى-دۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىنىڭ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈ-رۇشكە ۋاقتىمۇ يەتمەيدۇ. ئاساسەن، ئوقۇغۇچى ئۆزى كىتاپ كۆرۈپ تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ «ئۈچتە ياخشى» بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، زېھنىڭىزنى يىغىپ دەرس تەييارلاڭ. دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئەستە قالدۇرۇشقا تىرىشىڭ. بىلمىگەن جايلارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇئەللىم ياكى ساۋاقداشلىرىڭىزدىن سوراڭ. كۈندىلىك بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئورۇنلاڭ. شۇنىڭدەك دەرستە ياخشى ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىرلىشىپ ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆزىڭىزنىڭ تەجرى-بىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل خۇلاسىلەڭ. مانا شۇنداق قىلسىڭىز سىزمۇ «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولالايسىز. ئالغا باسىمەن دەيدىكەنسىز، ئالدى بىلەن كۆپرەك جاپا چېكىڭ، كونىلارنىڭ «جاپا چەكسەڭ غورى-دىن ھالۋا پىشىدۇ»، «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق» دېگەن تەمسىللىرى بار. ھەرگىزمۇ مەيۇسلەنمەڭ. سىزدە جاپا چېكىپ ئەستايىدىل ئىزلىنىشكە تەييار تۇرىدىغان روھ بولسۇن. ماركسنىڭ «جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمىغان كىشى ئىلىم-پەننىڭ قىرلىق چوققىلىرىغا چىقالايدۇ» دېگەن ئىلمىي



AltunOq

ھەقىقەتنى سىزگە مەدەت بەرسۇن، مەن سىزنىڭ تىرىشىپ ئوقۇپ ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

ھۆرمەتلىك نەشرىدىن ئەپەندى، مەن يېقىندا مەلۇم بىر مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائى پەن بىلەن تەبىئى پەن توغرىسىدا سۆزلىشىپ، تەبىئى پەن قىيىن پەن، بۇ ئۇنىڭ مۇھىملىقىدىن بولغان. ئىجتىمائى پەن تەبىئى پەنگە قارىغاندا ئاسان بولغانلىقتىن، تەبىئى پەن بىلەن ئىجتىمائى پەننىڭ پىلان كۆرسەتكۈچىدە 20 پىرسەنت ئەتراپىدا پەرقلىق قاراش بار، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. پەن ئىچىدە ئوڭىيى قايسى؟

ئاقتۇ ناھىيە جامالتېرەك يېزىلىق ئوتتۇرا
مەكتىۋىدىن **ھامۇت ياسىن**

ساۋاقداش ھامۇت ياسىن: خەلق ئىچىدە «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن تەمسىل بار. راستىنى ئېيتقاندا، تەبىئى پەن قىيىن، ئىجتىمائى پەن ئوڭاي دېگەن قاراش توغرا بولمىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراش. تىرىشقان كىشىگە ھەر ئىككى پەن ئوخشاشلا ئوڭاي. تىرىشمىغان كىشىگە ھەممە پەنلەر قىيىن. تەبىئى پەنلەر قىيىندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە توپلىغان بىلىملىرىنىڭ نەتىجىلىرى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بىۋاستە كۆرۈش، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش، ئەستە ساقلاش قىيىن. دەرس پىروگراممىسىدا 20 پىرسەنت ئەتراپىدا پەرقلىق قاراشمۇ دەل ئەنە شۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسلانغان.

كىشىلەر ئىجتىمائىي پەنلەردىكى بەزى ھادىسىلەرنى ۋە قانۇنىيەتلەرنى گېزىت ـ ژورنال، كىنو ـ تىياتىرلار شۇن- داقلا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردە ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ كۆرۈنۈشتە ئوڭايدەك، ئەستە قالدۇرۇشمۇ ئانچە تەس ئەمەس- تەك تۇيۇلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، كىشىلەر ئارىسىدا تەبىئىي پەن قىيىن، ئىجتىمائىي پەن ئوڭاي، دەيدىغان خاتا قاراش شەكىللەنگەن.

پەنلەر ئىچىدە ئوڭاي پەن، قىيىن پەن دىگەن پەرق مەۋ- جۇت ئەمەس. ھەرقانداق پەننىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، دائىرىسى، ئۇنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بولىدۇ. ئەگەر سىز ئەستايىدىل جاپالىق ئۆگىنىپ، ئۆگىنىشتىكى مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تاللىۋالالىسىڭىز، ھەرقانداق پەن ئوڭاي، ئەكسىچە ئىشنىڭ ئوڭىيىنى كۆزلەيدىكەنسىز، ئۇ ھالدا ھەر- قانداق نەرسە قىيىن.

**ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەڭ تېز ئۆسىدىغان**
**مەزگىلى قايسى؟**

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىدىكى ئالىملار: «ئۆسۈۋاتقان بالىلار بىر يىل ئىچىدە بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا ئۆسىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەر يىلى 5 ـ ئاي بالىلارنىڭ ئەڭ تېز ئۆسىدىغان مەزگىلى بولۇپ، بالىلار بۇ مەز- گىلدە 7.3 سانتىمېتىر ئۆسىدىكەن. ئەمما 10- ئايدا ئۇلارنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ئەڭ ئاستا بولۇپ، ئارانلا 3.3 مىللىمېتىر ئۆسەلەيدىكەن.




## ئالىم ئازات

(ھېكايە)

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

دەپتەر سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، تېز-تېز كېتىۋاتقان غوپۇرجاننى كۆرگەن ئىسلاھجان ئويلىنىپ قالدى: «ھوي، ئۇ نەگە كېتىۋاتقاندۇ؟ تەتىل تۇرسا ... يا بۈگۈن مەكتەپكە يىغىلامدۇقكىنە؟... كۆرسەتكۈچتە ئۇنداق يېزىلمىغان ئىدىغۇ؟ تېخى بوقچىمۇ كۆتىرىۋاپتۇ...» ئۇ ئاخىرى ئۆزىدىن سوراپ بېقىش قارارىغا كەلدى-دە، غوپۇرجاننىڭ يېنىغا بېرىپ:



— ھە، غوپۇرجان! نەگە كېتىۋاتىسەن؟
— ھە...؟
غوپۇرجان چۆچۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ھەم ئىسلامجاننى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتتى:
— ۋوي ئىسلام! ياخشىمۇ سەن؟... بۇ يەردە نىمە قىلىۋاتىسەن؟
— ...پ ئويناۋاتاتتىم، سېنى كۆرۈپ كەلدىم. نەگە كېتىۋاتىسەن؟ بۆگۈن يا مەكتەپكە يىغىلمىساق...؟
غوپۇرجان پىسسىڭىدە كۈلدى:
— كۇرستا ئوقۇۋاتىمەن. ھازىر شۇ يەرگە مېڭىشىم.
ئىسلامجان ھەيران قالدى.
— قايسى كۇرسقا؟
— شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرغان ماتېماتىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا. ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ ھەپتە بولدى. يەنە يېرىم سائەت ماڭسام ئاندىن يېتىپ بارىمەن.
— شۇنچە يىراق يەرگە ئاپتوۋۇزغا چۈشۈپ بارساڭ بولمامدۇ؟
— ئاپامغۇ ئاپتوۋۇزغا چۈش دەپ پۇل بېرىدۇ. ئۇنى يىغىپ كىتاب ئالىمەن.
ئىسلامجان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غوپۇرجانغا تىكىلگەن ئىدى. غوپۇرجان يەنە بىر قېتىم پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى...

ئەگەر تەربىيە كۆرمىسە ئادەم،
ئىشەك بولۇپ ئۆتەر يۈزگە كىرسە ھەم.
— سەئدى شىرازى

# مەندەك بولماڭلار

## سائادەت ھىدايى

(ھىكايە)

(قومۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

— جۈرئەت! — تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا كىرگەن بۇ ئاۋاز شىرىن چۈشلىرىمنى بۇزۇۋەتتى.

ئانام چاقىرىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئېرەڭسىزلىك بىلەن بېشىمنى ئاستا كۆتەردىم. ئەسلىدە مېنى چاقىرغان ئانام ئەمەس بەلكى ئوقۇتقۇچۇم زۇلپىيە ئىكەن. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. مەن مۇئەللىمدىن تەسلىكتە كۆزۈمنى ئۈزۈپ يەرگە قارىۋالدىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى «ۋاقتىمىزنى ئالدىڭ دېگەندەك ھومايسا، يەنە بەزىلىرى ماڭا قاراپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. مەن ئېسىمنى يىغدىم-دە، پارتىدىن كۆكسىمنى ئېلىپ رۇسلىنىپ ئولتۇردۇم، يۈزۈم ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى مۇئەللىم ماڭا قايتا كايىماي، دەرسنى داۋاملاشتۇردى. گۈپپىدە كەتكەن يۈرىكىممۇ ئورنىغا چۈشتى. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن مۇئەللىم مېنى ئىشخانىغا چاقىردى. بايا ئاران ئورنىغا چۈشكەن يۈرىكىم يەنە دۈپۈلدەشكە باشلىدى-دە، «راسا ئەدىۋىمنى بېرىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ قورقۇنچ ئىچىدە ئىشخانىغا كىردىم.

لېكىن ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولمىدى.
مۇئەللىم ماڭا كۆيۈنگەن هالدا:

— جۈرئەت، سىز بۇ يىل ئالى مەكتەپكە ئىمتىهان بېرىسىز. سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. مۇشۇنداق پەيتتە سىز دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاپ ئولتۇرسىڭىز بولامدۇ؟ — دىدى. مەن بېشىمنى يەردىن كۆتىرەلمەي تىرنىغىمنى تاتىلاپ تۇردۇم ۋە بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتىم. كەچتە تامىغىمنى يەپ بولۇپ، ئەمدىلا كىتاپنى قولۇمغا ئېلىشىمغا مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن دوستۇم ئەخمەت شاخمات تاختىسىنى شاراقلىتىپ كىرىپ كەلدى.

— جۈرئەت، بۈگۈن ئاخشام بىر تۇتۇشۇپ كۆرمەيمىزمۇ؟ — دىدى ئۇ، بۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقتى.

— بولىدۇ ئاداش، ئوينىساق ـ ئويندۇق، — دىدىم. شۇنداق قىلىپ بىز شاخمات ئويناشقا كىرىشىپ كەتتۇق. خېلى ۋاقىت ئوينىغاندىن كېيىن مۈگدەپ قېلىپ شاخمات تاختىسىغا ئۈسسۈۋالدىم. مېنى دەپ جاپا چېكىۋاتقان بىچارە ئانامنىڭ بىرقانچە قېتىم «بالام، ئەتە مەكتەپكە بارىسەن، بولدى قىلىڭلار» دىگەن سۆزلىرىمۇ قۇلىغىمغا كىرمىدى...

كۈنلەر، ئايلار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى ئىمتىهانمۇ يېتىپ كەلدى. ئالى مەكتەپكە ئۆتۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تالالاش ئىمتىهانىدىنمۇ ئۆتەلمىدىم...

كىچىك دوستلار، مېنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك ئازاپلىنىۋاتقانلىغىمنى بىلەمسىلەر؟ مەن ئىنتايىن پۇشايمان ئىلكىدە قالدىم. قۇلاق تۈۋىمدە مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى جاراڭلاپ، مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدۇ... سىلەر هەرگىز مەندەك بولماڭلار. تىرىشىپ ئوقۇڭلار!



# ئەلا باھالانغان ماقالا

بېلىقىز توختى

(ھېكايە)

مەكتەپ زالىدىن ئاق قۇشقاچتەك چۇرۇقلىشىپ چىققان بىر توپ ئوقۇغۇچى مەيدانغا چىقىش بىلەنلا ياسىننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار ياسىنىنىڭ ھېلىلا مەكتەپ بويىچە «ئەلا باھالانغان ماقالا»لار قاتارىدا مۇكاپاتلانغان ماقالىسىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ياسىنغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئۆتسە، بەزىلىرى ئۇنىڭ قولىدىكى مۇكاپاتقا ھەسەت بىلەن قارىشىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.


ياسىن نىمىشقىدۇر ئۆزىچىلا ئوڭايسىزلىناتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ: «سىنىپىمىزغا شەرەپ كەلتۈردۈڭ، يارايسەن ئاداش!...» دىگەنلىرى ئۇنىڭغا يۈزمۇ - يۈز قىلىنىۋاتقان مەسخىرىلەردەك بىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن تېزرەك قېچىشنىڭ كويىدا ئىدى... ئۇ ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدى - دە، بىر دوقمۇشتىكى تار كوچىغا كىرىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

ياسىن قولتۇغىدىكى قىزىل لېنتىلىق بولاقنى يەنە ئېسىگە ئالدى. ھازىر بۇ نەرسە ئۇنىڭغا شەرەپ كەلتۈرگەن

مۇكاپات ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بەدىنىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئوت بولۇپ ئۇنىڭ سەبى قەلبىنى ئازاپلىماقتا ئىدى...

ياسىن كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا ئۆتۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىلىرى ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ چۇقۇراشقىلى تۇردى:

— قولتۇغىڭدىكى نىمە؟



— راست مۇكاپاتلىنىپسەن-ھە!

— بولە، نەرسىلىرىڭنى قويۇپ چىق!... چامباش ئوينايمىز...

— ئوينىمايمەن! — دىدى ياسىن بېشىنى غەلىتىلا تولغاپ.

— ۋاي-ۋۇي مانى، — دىدى دوغىلاقىنا بىر بالا ئۇنىڭ قولتۇغىدىن تارتىپ.

— ئوينىمايمەن دىدىمغۇ! — ياسىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

ياسىننىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈگەن باللار كۆزلىرىنى

چەكچەيتكىنىچە بىر بىردىگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قېلىشتى.

ياسىن ئۆيگە كىرىپ كېلىشىگە ئاپىسى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— جېنىم بالام، بىزنى خويمۇ تەلمۈرتتىڭغۇ، ساۋاقداشلىرىڭ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگىلى نەۋاق، — ئۇ ئوغلىنىڭ قولىدىكى قىزىل لېنتا بىلەن باغلانغان بولاقنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، — بۇ ئىسىل خاتىرە دەپتەر بىلەن قىزىق كىتاپلار بولسا كېرەك، داداڭغا بەر، داداڭ ئۆز قولى بىلەن ئاچسۇن، — دېدى-دە، يەنە ياسىنغا تۇتقۇزۇپ، — مەن ساڭا سەن ئەڭ ئامراق تاماق — قىزا بېسىلغان پولو ئېتىپ قويدۇم.

— بالام، — دېدى دادىسى ياسىن سۇنغان بولاقنى قولىغا ئېلىپ، — ئەمدى قىلىچۋازلىق، چامباش دەپ مەھەللىنى بېشىڭغا كىيىۋالغان ئىشنى تاشلاپ دەرسىڭنى ئۆگەن. ئۆزۈڭ قويغان ئىشىڭنى داۋاملاشتۇر — ھە!

ياسىن تىرنىغىنى تاتلاپ ئۈنچىقمىدى. ئۇ بۈگۈن كەچ بۇرۇنلا يېتىۋالدى. ئوغلىنىڭ بۈگۈنكى روھىي-ھالىتىدىن ئەنسىرىگەن ئانىسى ياسىننىڭ قېشىغا كىرىپ سورىدى:

— ياسىنجان، نېمە بولدۇڭ بالام، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇيا؟...

ئانىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى جاۋاپسىز قالدى. ياسىن ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ قويدى؛ ئۇ ئاغرىپ قالغىنى يوق، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ئازاپتا ياتماقتا، ئۇ «شۇ ماقالىنى... شۇ ماقالا...» دەيتتى ئىچىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «مېنىڭ ئۇستازىم» دېگەن ماقالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

ياسىن يىغىن مەيدانىدا نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتـ
كۈدەك بولۇپ شۈمشىيىپ ئولتۇرغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىـ
نىدە، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى قۇلىغىدا قايتا
جاراڭلىغاندەك بولدى:

— ساۋاقداشلار، — دىدى مۇدىر مىكرافون ئالدىدا، —
ياسىننىڭ ماقالىسى ئاددىيلا بىر ماقالا بولماي، بەلكى ئوقۇشـ
سىز قالغان بىر مېيىپ بالىنىڭ يۈرەك سۆزىدۇر. ئۇ ئۆزىگە
ياردەم قولىنى سوزغان ساۋاقداشنى «مېنىڭ ئۇستازىم» دەپ
مەدھىيىلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇشقا تەشنا ئارزۇسىنى ئاجايىپ
ياخشى ئىپادىلىگەن. بىز بۇ ماقالىنى كۆپەيتىپ بېسىپ سىـ
نىپلارغا تارقىتىپ بېرىمىز...

مۇدىرنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن گۈلدۈراس ئالقىشـ
چاۋاكلار زال ئىچىنى تىترىتىۋەتتى، لېكىن ياسىننىڭ پۈـ
تۈن ۋۇجۇدى بولسا نومۇستىن تىترەۋاتاتتى.

تاشقىرىقى ئۆي ئىشىكىنىڭ «تاراققىدە» ئېچىلىشى ۋە
ئاپىسىنىڭ يۇمشاققىنا ئاۋازى ياسىننىڭ ئەنسىز خىياللىرىنى
قاچۇرۇۋەتتى.

— ۋىيەي، راھىلەمخۇ بۇ، بۈگۈن سىزنى قانداق شامال
ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— ياسىن بارمىكىن؟ — دىدى راھىلەم ئاستاغىنا، — قىـ
زىم زۆھرە «بۈگۈن ياسىن ماڭا دەرس ئۆتمەكچى ئىدى»
دەپ زادىلا ئولتۇرغىلى قويمىدى.

— ياسىننىڭ مىجەزى يوق، يېتىپ قالدى، — دىدى ئانا
ئىشىكنى ئىما قىلىپ، — كۆرمەمسىز، ئۇنىڭ ماقالىسى مەكتەپ
بويىچە مۇنەۋۋەر باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان ئىكەن، ئۇـ
نىڭغا بىرسىنىڭ كۆزى تەگدىمۇ، مەكتەپتىن كېلىپلا يېتىۋالدى.

— دوختۇرغا ئاپارمىدىڭىزمۇ؟
— ئۇنىمىدى.
— ئىسسىتمىداپتىمۇ؟
— ياق...
— قىزىم ئۇنى چاقىرىپ بەر دەپ خاپا سىلىۋىدى...
— ئۇنىڭ ھازىر سىرتقا چىققۇدەك ھالى يوق...

راھىلە ئانىسىنىڭ چىقىپ كەتكەن شەپىسىنى سەزگەن ياسىن يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ ياستۇققا يۆلەندى. ئۇ پۈتۈن مېھرىنى مېيىپ قىزى زۆھرەگە ئاتاپ ھەم ئانا، ھەم دوختۇر، ھەم ئوقۇتقۇچى بولۇۋاتقان بىچارە ئانىسىنىڭ ئايانچلىق قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، ئورنىدىن دەس تۇ-رۇپ كەتتى...

× × ×

ھەر يىلى ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان ياسىن ئىلگىرىكى يىلى چامباشچىلار ھەققىدىكى بىرنەچچە كىنونى كۆرگەن بانا بىلەن چامباشچىلىقنى ئۆگىنىش ھە-ۋىسىگە بېرىلىپ كەتتى. ئۇ مەھەللىدىكى باللار بىلەن چې-لىشىپ، مۇشتلىشىپ ئوينايدىغان، قولىغا تاياق-كالتەكنى ئېلىۋېلىپ مەھەللىمۇ-مەھەللە يۈرىدىغان، يېڭى تىككەن كۆ-چەتلەرنى سۇندۇرۇپ ئوينايدىغان «كىچىك باتۇرلار» دىن بولۇپ قالدى...

بىر كۈنى، ياسىن چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرىدە قات-ناشمايلا، پارتا ئاستىغا تىقىپ قويغان ياغاچ قىلىچنى ئالدى-دە، غىپپىدە تىكىۋەتتى. ئۇ مەھەللىگە كېلىپلا سومكىسىنى

پۇلاڭلاتقىنىچە باللار بىلەن قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار بىردەمدىلا ئىككى تەرەپ بولۇپ سوقۇشتى. «دۈشمەن»لەر ياسىننىڭ «جەڭچى»لىرىنى سۈر-توقاي قىلىپ بىر ئۆينىڭ تېمىغا قىستاپ قويدى. توساتتىنلا «تارسلا» قىلىپ تەككەن بىر نەرسىدىن كۆزى قاراڭغۇلاشقان ياسىن قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىۋالدى؛ قولىدىكى قىلىچىنىمۇ تاشلىۋەتتى. ياسىننىڭ قىلىچىنى «ئولجا» ئالغانلار ئۇنىڭ «جەڭچى»لىرىنى قوغلاپ كېتىشتى...

— ۋىيەي، پېشانەڭدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى دەرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىۋېتىپ قاراپ تۇرغان بىر قىز ياسىننىڭ بېشىغا قاراپ، — بىزنىڭ ئۆيگە كىر، دورا بار...

ياسىن قايرىلىپ قىزنىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ بېشىنىڭ ئاغرىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. چۈنكى ھېلىقى قىزنىڭ يۈزىدە ئادەم قورققۇدەك تاتۇق بار ئىدى.

ياسىن مەكتەپكە بېرىشتا-قايتىشتا دەرىزە تۈۋىدە دائىملىق نىمىلەرنىدۇ يېزىپ ۋە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان بۇ قىزنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى تاتۇققا سەپسالمىغان ئىكەن.

— نىمە قاراپ تۇرىسەن، قان ئېڭىكىڭگە چۈشتى، ئەكەل قولۇڭنى، — دېدى قىز سول قولىنى سوزۇپ، — دەرىزىدىنلا كىرىۋەر...

ياسىن ئۆيگە كىرىشى بىلەن قىز ئۇنىڭ شەپكىسىنى ئېلىپ «ۋايىيەي» دەپ ۋاقىرىۋەتتى. چۈنكى ياسىننىڭ بېشى يېرىلغان بولۇپ، قىپ-قىزىل قان ھېلىمۇ تامچىۋاتاتتى.

— ئاۋۇ ئىشكاپنىڭ ئاستىنقى قاپقىقىنى ئاچساڭ، دورا قاپچۇغى بار، بولە، ئۆزەڭ ئەكېلىپ بەر، — دېدى قىز ئەيى-

نەكەلك ئىشكاپنى تۇمشۇغىدا ئىما قىلىپ.

— مەن... قانداق...، — دۇدۇقلىدى ياسىن، — ئۆزىڭىز ئەكېلىڭ.

— مەن... مەن... ماڭالمايمەن، — دېدى قىز قىزىرىپ. ئۇنىڭ غىل-پال ياش ئۆمىلىگەن كۆزلىرى پەسكە قارىۋالدى. ياسىن دەرھال ئىشكاپنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ قىز كۆرسەتكەن ئىشكاپنىڭ ئاستىنقى قاپقىقىنى ئاچتى: خىلمۇ-خىل دورا قۇتىلىرى قاتار تىزىلغان بولۇپ، قايسىسىنى ئېلىشنى بىلەلمەي سورىدى:

— قايسى قۇتىدىكىنى ئالىمەن؟

قىز ئاستا مىدىرلاپ ياسىنغا قاراپ:

— ئاۋۇكىچىك بوتۇلكىدىكى يودنى ئال، قەلەي قاچىنى ئاچساڭ، ئىچىدە قايچا بىلەن ئاق داكا بار. ئالدىمغا ئېلىپ كەلسەڭ تېڭىپ قويىمەن، — دېدى قىز.

ياسىن قىز دېگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قېنى، ئېڭىشىپ تۇرغىنە، چېچىڭنى ئازراق قىرقىۋېتەي، — دېدى قىز قولىغا قايچا ئېلىپ، — ئاندىن يودنى سۈركەپ تېڭىپ قويىمەن.

— چېچىمنى كەسسىڭىز...

— ئازراقلا كېسىمەن، بولمىسا دورا سۈرتكىلى بولمايدۇ...

قىز ئەپچىللىك بىلەن ياسىننىڭ چېچىنى قىرقىپ يود سۈرتكەندىن كېيىن تېڭىپ قويدى. ئاندىن ئۇنى يۈزىنى يۇيۇشقا بۇيرۇپ سورىدى:

— ئاپاڭ كۆرسە تىللامدۇ؟

— ياق، دادام...

— داداڭغا بۇندىن كېيىن بۇ خىل ئويۇنلارنى ئوينىماسقا ۋەدە قىل...



ياسىن ئەمدى تارتى-
نىپ- قورۇ-
نۇپ ئولتۇرمى-
دى، ئۇ قىز-
نىڭ يېنىغا
كېلىپ كىتاپ-
دەپتەرلىرىنى
ۋاراقلاپ، رەت-
لەك تىزىپ
قويغان «تارىم
غۇنچىلىرى»
نى كۆردى...
— ئېتىڭىز
نېمە؟ — سو-
رىدى ياسىن.
— زۆھرە.
— مەكتەپكە قانداق بارىسىز؟
— ئۆيدە ئوقۇيمەن.
— كىم ئوقۇتىدۇ؟
— ئاپام...
— ئاپىڭىز مۇئەللىممۇ؟
— مۇئەللىم ئەمەس، بەزىدە خوشنىلارنىڭ باللىرىنى چاقىرىپ بېرىدۇ.
— بۇندىن كېيىن مەن ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ مەن تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيمەن.

— ئۇنداق قىلسىڭىز بەكمۇ خۇشال بولاتتىم. مەنمۇ
تۆتىنچى سىنىپ دەرسلىرىنى ئۆگىنىۋاتىمەن. بەزى دەرسلەر-
نى دادامۇ، ئاپامۇ تازا چۈشەندۈرەلمەيۋاتىدۇ. مەھەللىدى-
كى دوستلىرىممۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ كەلمەيۋاتىدۇ...

ياسىن شۇ كۈندىن باشلاپلا زۆھرەنىڭ ئوقۇتقۇچىسى
بولۇپ قالدى.

ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىشتا قىزنىڭ ئۆيىگە
كىرىپ، شۇ كۈنى ئۆتكەن دەرسلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى،
مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى زۆھرەگىمۇ ئەينى بويىچە
تاپشۇرۇق دەپ قالدۇراتتى. ئۇلار بەشىنچى سىنىپقا كۆچ-
تى. ئارىسىدىكى بۇ خىل ئۆگىتىش، ئۆگىنىش ئوبدان كېتى-
ۋاتقان كۈنلەردە، ياسىننى ھەلىقى ئويۇنلار يەنە ئېپقاچتى...
شۇنداقتىمۇ ئۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ كېلىپ تۇراتتى. بەزىدە
ئۇنىڭغا ئۆگەتسە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئۆگىنەتتى. مەكتەپتىن
بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئۇنىڭغا ئىشلىتەتتى-دە، ئۇنى دەپ-
تىرىگە كۆچۈرۈپ مۇئەللىمگە تاپشۇرىدىغان چاغلىرىمۇ بولات-
تى... زۆھرە ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلەيتتى.
بولۇپمۇ ئۇ كۆپ كىتاپ ئوقۇغاچقا ماقالا يېزىشتا ياسىندىن
ئۈستۈن تۇراتتى. ماقالىسىدا! ياسىن بىر كۈن ئويلىنىپمۇ تا-
پالمايدىغان چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەرنى ناھايىتى ئوبدان
ئىشلىتەلەيتتى. ياسىننىڭ ئەلا باھالانغان ماقالىسىمۇ زۆھ-
رە يېزىپ چىققان ئىدى.

× × ×

ياسىن بۈگۈن مەكتەپكە ئادەتتىكىدىن كېچىكىپ بار-
دى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايۋاتات-



AltunOq

تى؛ لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەكلا مۇئامىلە قىلىۋاتقاچقا، بىردەمدىلا يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى - دە، ئىچىدە ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: «تەتىلگىمۇ ئاز قالدى... تەتىل قويۇپ بەرگەندىن كېيىن يېزىدىكى موماممىڭكىگە كەتسەم ماقالىمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ...» دەيتتى. ئەمما قېرىشقاندەك نەق شۇ كۈنى كەچتە موممىسى بۇ يىلقى يازنى شەھەردە ئۆتكۈزۈشكە كېلىپ قالدى. بۇ خىيالىمۇ يوققا چىققان ياسىن ئەتىسى خاراموش هالدا مەكتەپكە كەلدى. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنمىغان ئىدى. سىنىپ مەسئۇلى ئۇنى چاقىرىپ بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— ياسىن، — دىدى مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئەتە ماقالا يېزىشتىكى تەجرىبەڭنى سۆزلەيسەن، ئوقۇتقۇچىلارمۇ قاتنىشىدۇ.

— مەنىما؟...

— هەئە. ئوبدان تەييارلىق قىلىپ قوي...

ياسىن ئۆيىگە ئۆڭسىلى يوق كىرىپ كەلدى. ئۇ مومىسىنىڭ ئەركىلىتىشلىرىگىمۇ، ئاپىسى تۇتقان تاتلىقلارغىمۇ قاراپ قويماي ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىردى - دە، ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى. «قانداق قىلسام بولار؟ زادى قانداق قىلاي؟ — دەيتتى ئۇ تورۇسقا تىكىلىپ، — قوسىقىم ئاغرىدى دەپلا يېتىۋالسام بولمامدىمۇ؟... ياق، ئۆتكەنكى ئىمتىهاندا ئەخمەت يۆرىگىم سانجىپ ئاغرىپ كەتتى دەپ يىغلىغاندەك قىلىۋىدى، مۇئەللىملەر ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارسا يالغان كېسەللىكى ئاشكارىلىنىپ قالمىدىمۇ؟...»

ياسىن ئويلىغانسېرى ئويلىرى چىگىشلىنىپ قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى ئازاپلايتتى، ئازاپلىغانسېرى مەكتەپ

يۈزى كۆرمىگەن تىرىشچان، ئەقىللىق، كەمسۆز مېيىپ قىز زۆھرە ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى:

بىچارە ئايال كەچ يېتىپ، سەھەر تۇراتتى. زۆھرە-نىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، تامىقىنى بېرىپ كىتاپ-دەپ-تەرلىرىنى جاي-جايىغا قويۇپ بېرەتتى...

زۆھرەچۇ؟... ئەتىدىن-كەچكىچە يالغۇز ئۆيدە ئول-تۇرۇپ كىتاپ كۆرەتتى، خەت يازاتتى، تاپشۇرۇق ئىش-لەيتتى...

ياسىننىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يەڭلىرى بىلەن ياشلىرى-نى سۈرتۈپ ياستۇققا يۆلەندى. كېيىن بىردىنلا كۆڭلىگە بىر ئوي كەلدى-دە: «شۇنداق قىلاي... شۇنداق قىلىشىم كېرەك!...» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

× × ×

ياسىن راھىلە ئانىنى باشلاپ تەجرىبە سۆزلەش مەي-دانىغا كىرىپ كەلگەندە، ھەممە ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا قارىشىپ قالدى...

— ئۇ كىمدۇ؟...

— ياسىننىڭ ئاپىسى ئەمەسقۇ؟...

ياسىن راھىلە ئانا بىلەن بىر بوش ئورۇندا ئولتۇردى.

يىغىن باشلاندى. مەكتەپ مۇدىرى ماقالا يېزىش پائالىيىتىدە باھالانغان ماقالا ئاپتورلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يازغان ماقالىلىرى ھەققىدە سۆز-لەيدىغان ساۋاقداشلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇدى.

— ھازىر، — دېدى مۇدىر ھەممىگە تەكشى نەزەر تاش-

بلاپ ــ «مېنىڭ ئۇستازىم» دېگەن ماقالىنى يازغان ساۋاق-داش ياسىننى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!

گۈلدۇراس ئالقىش ئىچىدە قالغان ياسىن ئاۋال قىزىرىپ، كېيىن تاتىرىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى ئەدىيالغا ئورالغان مۇكاپاتنى قولتۇقلاپ ئاستا قەدەم تاشلاپ ئالدىغا چىقتى.

ــ ئۇستازلار، ساۋاقداشلار،ــ دېدى ئۇ بىردىنلا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ،ــ مەن تەجرىبە سۆزلىمەيمەن، ئۆزەمنى تەكشۈردىمەن.

ياسىننىڭ تولۇمدىن تۇقماق چىققاندەك قىلغان بۇ سۆزى ئوقۇتقۇچىلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ تاراملاپ ياش تۆكۈشى يىغىن مەيدانىنى بىردىنلا تىمتاس-لىققا چۆمدۈردى.

ــ مەن... مەن... ئۇ ماقالىنى مەن يازمىغان!ــ دېدى ياسىن لەۋلىرىنى چىشلىرى پاتقىچە چىشلەپ.

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر بىرىگە قاراشتى، لېكىن ياسىن ئۆزىنىڭ چامباشلىق ئويۇنلىرىغا بېرىلىپ دەرستە چېكىنگەنلىكى، شۇنداقلا مېنىپ قىز زۆھرە-نىڭ ئەھۋالى، ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى، تىرىشچانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەندە نۇرغۇن ساۋاقداشلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىگەن ئىدى...

ــ ماقالىنى،ــ دېدى ياسىن زۆھرەنىڭ ئاپىسىغا قاراپ،ــ مېنىپ قىز زۆھرە يازغان! بۇ مۇكاپات ماڭا ئەمەس زۆھرەگە... زۆھرەگە تەئەللۇق...

ياسىن ئورالغان مۇكاپاتنى ئېچىپ دادىل قەدەملەر بىلەن زۆھرەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئىككى

قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندى. زال ئىچىنى قاتتىق جىمجىتلىق باستى. پۈتۈن كۆزلەر ياسىن بىلەن راھىلە ئانىغا تىكىلمەكتە ئىدى. راھىلە ئانا نىمە قىلاردىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ياسىن قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا زورلىغاندەك تۇتقۇزدى-دە، چاۋاك چالدى. ياسىنغا ئەگىشىپ چىلىنغان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى پۈتۈن زالنى بىر ئالدى.

قاتتىق چىلىنىۋاتقان چاۋاكلار ئىچىدە زۆھرەنىڭ ئاپىسى ياسىن تۇتقۇزۇپ قويغان نەرسىلەرنى ئېلىپ يىغىن مۇنبىرىگە چىقتى. چاۋاك بېسىلغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، — دىدى ھاياجان ئىچىدە، — مەن ياسىنجان ھەربىرىڭلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن مېيىپ قىزنىڭ ئاپىسى بولىمەن. ياسىنجان ئۇنىڭ ئۇستازى. ئىككى يىلدىن بېرى ھەر كۈنى كېلىپ قىزىمغا دەرس ئۆتۈپ، ئۇنى ئەلا باھاغا ئېرىشكۈدەك ماقالا يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزگەن ئىكەن، مېنىڭچە، مۇكاپات يەنىلا ياسىنجانغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك! ياسىنجان ئۆزىنىڭ بەزىبىر يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتى. لېكىن بۇ تېخى بالا-دە! ئۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن تىرىشىدىغانلىغىغا ۋەدە قىلدى، مەن ئىشىنىمەن، ياسىنجان جەزمەن ئەلاچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ... مەكتەپ رەھبەرلىگى بۇ مۇكاپاتنى مەكتەپكە كېلەلمەيدىغان بىر قىزنى ئوقۇتۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقۇرى يىللىق سەۋىيىسىگە يەتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ياسىنجانغا بەرسە مۇۋاپىق دەپ قارايمەن!

ئۇ شۇنداق دىدى-دە، مۇكاپاتنى مۇنبەر شىرەسىگە قويۇپ قويدى. زال ئىچىنى يەنە قاتتىق جىمجىتلىق باس-

تى. پۈتۈن كۆزلەر مەكتەپ مۇدىرىغا تىكىلگەن، بارلىق قۇلاقلار مۇدىرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا تەقەززا بولىۋاتاتتى.

مەكتەپ مۇدىرى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ مۇنبەردىكى شىرە ئالدىغا كېلىپ زال ئىچىدىكى بىر مىنۇتچە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، سالماق ئاۋازدا ئۆز پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ سۆزىدە مۇئەللىملەر، ئوقۇغۇچىلار تەقەززا بولغان مۇكاپات ھۆكۈمى ئۈستىدە توختالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ:

«...بىز مەكتىۋىمىزگە كېلەلەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىلا ئوقۇتۇپ، مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن مەكتەپكە كېلەلمەيدىغان مەجرۇھ ئۆسمۈرلەرگە كۆز سالماپتۇق. مەن... مائارىپ ئىشلىرى بىلەن ئۇزۇن شۇغۇللاندىم. ئەمما ساۋاقداش ياسىنچىلىك ئىش قىلالماپتىمەن... بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش يۈزلىنىشى مەكتەپكە بارالمايدىغان مېيىپ ئاجىزلارغىمۇ قارىتىلىشى كېرەك!» دېگەن چىن يۈرەك سۆزى — چىن ۋىجدان خىتاۋى زالدىكىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىۋەتتى...

---


## چەتئەل ئەقلىيە سۆزلىرى

ياخشى كىتاپ ئوقۇش — ياخشى دوست تاپقاندىن ئەۋزەل.

— ئەنگلىيە

ياخشى كىتاپ ئوقۇش — نۇرغۇن پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەنگە باراۋەر.

— گېرمانىيە




## مۇنەۋۋەر

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 - يىللىق
3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

بىلىم - بىلىم دەپ سۆزلىسۇن تىلىڭ،
بىلىم بىلەن يورۇسۇن دىلىڭ.
بىلىم، بىلىم دەپ، تىرىشساڭ ھامان،
ئېچىلار جەزمەن بەختىڭمۇ سېنىڭ.

بىلىم يولىدا بولغىن جان پىدا،
شۇندىلا يېتىسەن ئارزۇ - ئارمانغا.
تەۋرەنمە دۇچ كەلگەن مۇشكۈل ئالدىدا،
بىلىم دەپ تۆككەن تەر كەتمەيدۇ زايا.

بىلىمسىز بولسا كىشى،
توغرا بولماس ھېچ ئىشى.
— نىزامى گەنجىۋى

# تۇرپان مۇنارى

ئەخمەت رىشىت

تۇرپان بازىرىنىڭ شەرقىدە بۇندىن 200 يىل بۇرۇن ياسالغان ھەيۋەتلىك بىر مۇنار قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. بۇ سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلقلەر بۇنى ئادەتتە «تۇرپان مۇنارى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

مۇنار ۋە مەدرىسنى سۇلايمان ۋاڭ، ئۆز ئاتىسى ئىمىن خوجىغا ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۇرۇش، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى جۇملىدىن تۇرپان ۋاڭلىغىنىڭ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مىلادى 1778 - يىلى ئۆز يېنىدىن 7 مىڭ سەر كۈمۈش خەجلەپ ياساتقان. مەدرىس ۋە مۇنارغا ئاتاپ خاتىرە تاش ئورناتقان.

بۇ مۇنارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 37 مېتىر، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى ئون مېتىر كېلىدۇ. ئۇ تامامەن خىش بىلەن ياسالغان بولۇپ، تاشقى يۈزىدە خىشلارنى تىزىش ئارقىلىق نەققاش چىقىرىلغان. خىلمۇ - خىل گۈللەر، تاغ، ئۆركەش ياساپ ئاققان سۇ شەكىللىرى بولۇپ جەمئى 15 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەپىس - ئەنئەنىۋى گۈل نۇسخىلىرى بولۇپ، كۆزگە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇنار ئىچىگە يورۇق چۈشۈرۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن 14 رۇ - جەك (دەرىزە) ئورنىتىلغان. مۇنار ئىچىدىكى تۈۋرۈككە 72 پەلەمپەي ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنار ئۈستىگە

چىقىپ پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئوچۇق تاماشا قىلغىلى بولىدۇ.

تۇرپان مۇنارى مەدرىس بىناسى بىلەن تۇتىشىپ بىر پۈتۈن ئىمارەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.


يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇ مۇنارنى قەشقەردىكى «ئاپپاق غوجا مازىرى»، «ھېيتكا جامائەسى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ياساشقا قاتناشقان ئاتاقلىق بىناكارلىق ئۇستىلىرىدىن ئىبراھىم قاتارلىق ئۇستىكارلار ياساپ چىققان ئىكەن.

بۇ مۇنار — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىكلىگى، ياسىلىش شەكلى، نەققاش شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىغى بىلەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىدىكى ئەقىل-پاراسىتىنى يېتەرلىك ھالدا نامايەن قىلىدۇ.

تۇرپان مۇنارى 200 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىرغىچە بېجىرىم ساقلىنىپ قالغان بىردىن-بىر ئەڭ چوڭ خاتىرە مۇنار ھىساپلىنىدۇ. بۇ مۇنار — قۇرۇلۇش بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە قويۇق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1957-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مۇنارنى نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى. ھازىر بۇ يەردىن جۇڭگو ۋە چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

تۇرپان مۇنارى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.



# ئۈرۈمچى شەھىرى

ئۈرۈمچى شەھىرى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسى، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا مەركىزى.

ئۈرۈمچى تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىغىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. كۆلىمى 11 مىڭ 440 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 49 كۋادرات كىلومېتىر. ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، شەھەر رايونى دېڭىز يۈزىدىن 700 — 900 مېتىر ئېگىز.

[**نوپۇسى**] ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليون 147 مىڭ. بۇنىڭ 960 مىڭى شەھەر رايونىدا. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. خەنزۇلار 850 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي شەھەر ئاھالىسىنىڭ 74.59 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر 25.41 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 132 مىڭ، خۇيزۇلار 112 مىڭ، قازاقلار 35 مىڭ.

[**ئىقلىمى**] ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئوت-

تۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغ چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. كۆپ يىلدىن بۇيانقى يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېرا ـ تۇرىسى 7.3°C بولۇپ كەلدى، ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان ئاي (7 ـ ئاي) دىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.7°C بولدى؛ ئەڭ قاتتىق سوغاق بولىدىغان ئايدا (1 ـ ئايدا) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.2°C بولدى. كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 194 مىللىمېتىر، قىروسىز مەزگىل 179 كۈن، ئوتتۇرىچە يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى2821 سائەت. شەھەر رايونىدا يەر تەۋرەشنىڭ تۆپ قاتتىقلىق دەرىجىسى يەتتە بال بولدى. ۋاقتى بېيجىڭ ۋاقت رايونىدىن ئىككى سائەت كېيىن بولىدۇ.

[**مەمۇرى رايونلارغا ئايرىلىشى**] ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەتتە رايون، بىر ناھىيە، ئالتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دىخانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى بار.

[**سانائىتى**] شەھەر بويىچە سانائەت كارخانىلىرى 1984 ـ يىلى 654 كە يەتتى، سانائەتنىڭ ئومۇمى مەھسۇ ـ لات قىممىتى بىر مىليارت 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.65 پىرسەنت، ئازاتلىقنىڭ دەس ـ لەپكىدىكىدىن 439 ھەسسە ئاشتى. شەھەر بويىچە سانائەت كارخانىلىرىدا 229 مىڭدىن كۆپرەك ئىشچى ـ خىزمەتچى بار. ھازىر مېتاللچىلىق، كۆمۈر، ئېلېكتىر، ئېلېكترون، ماشىنىسازلىق، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، كۈندىلىك ئىستىمال بۇيۇملىرى، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇ ـ مىچىلىق، تېرە ـ خۇرۇم، يېنىك سانائەت، قەغەزچىلىك قاتارلىق سانائەت سىستېمىلىرى قۇرۇلدى. «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇدى، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇدى، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇدى 10


Altun Oq

مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئىشلەيدىغان چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كارخانىلاردۇر. نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇدى يىلىغا بىر مىليون 500 مىڭ توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلىگىدەك ئىقتىدارغا ئىگە، ئۇنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا بىرىكىدە ئامىياك ئىشلەپچىقىرالايدىغان قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شەھەر بويىچە ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پولات 168 مىڭ 800 توننىغا، كۆمۈر 3 مىليون 589 مىڭ 300 توننىغا، چۆيۈن 162 مىڭ 300 توننىغا، سېمونت 731 مىڭ 300 توننىغا، توك بىر مىليارت 642 مىليون كىلوۋات سائەتكە، خىمىيۋى ئوغۇت 31 مىڭ 362 توننىغا، پاختا رەخت 80 مىليون 634 مىڭ 900 مېتىرغا يەتتى. شەھەر بويىچە سانائەت كارخانىلىرى 219 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلىدى. 1984 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئالدىنقى يىلىدىكى 197 دىن 231 گە كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 744 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 9 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**[قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى]** ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، بۇ يەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق يېرىگە بارغىلى بولىدىغان تاشيول تورى شەكىللەنگەن. ئۈرۈمچىدە 11 مىڭ ترانسپورت ئاپتوموبىلى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ترانسپورت ئاپتوموبىلىنىڭ 17 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان ئاساسلىق تۆمۈريول بولۇپ، ھەركۈنى ئالتە يولۇچىلار پويىزى بېيجىڭ، شاڭخەي، جىڭجۇ، شىئەن، لەنجۇلارغا مېڭىپ تۇرىدۇ. يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى ئىككى يېرىم مىليون ئادەم قېتىمدىن

ئاشىدۇ، 14 جۈپ يۈك پويىزىدا يىلىغا 11 مىليون 900 مىڭ توننا يۈك توشۇلىدۇ. ئۈرۈمچى خەلقارا ئايرودرومى مەملىكىتىمىزدىكى تۆت چوڭ ئايرودرومنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردىن غەربىي ئاسىياغا ۋە ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە بارغىلى بولىدۇ، جەمئىي 11 ئىچكى - تاشقى هاۋا يولى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى هاۋا يولى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 129 مىڭ ئادەم قېتىمغا، يۈك - پوچتا مىقدارى تەخمىنەن 2 مىڭ توننىدىن كۆپرەككە يېتىدۇ، ئۈرۈمچىدە 1984 - يىلى پوچتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 495 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19.5 پىرسەنت ئاشتى. تارقىتىلغان گېزىت-ژورنال 200 مىليون پارچىدىن كۆپرەككە يېتىپ، 7.1 پىرسەنت كۆپەيدى.

**[دىخانچىلىق، چارۋىچىلىغى]** ئۈرۈمچى شەھىرىدە 900 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر بار، بۇنىڭ 700 مىڭ مودىن كۆپرەگى سۇغۇرۇلىدۇ. بۇ، ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىكى 120 مىڭ مو يەرنىڭ بەش هەسسىدىن كۆپرەككە باراۋەر كېلىدۇ. 10 مىليون مودىن كۆپرەك ئوتلاق بار، 583 مىڭ 100 مو ئورمانلىق بولۇپ، ياغاچ زاپىسى تەخمىنەن 3 مىليون 470 مىڭ كۇبمېتىردىن ئاشىدۇ. ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىدىن توققۇزى بار. ئوتتۇرا تىپتىكى ئىچكى قورۇقلۇق كۆلىدىن بىرى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سۇ مىقدارى 22 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ. شەھەر بويىچە 16 مىڭ 500 تۇياق سېغىن كالا بار بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 12 مىليون 670 مىڭ جىڭ سۈت بېرىدۇ. بۇ، پۈتۈن بىر يىلدا شەھەر تەمىنلەنگەن سۈتنىڭ 73 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. كەسپىلەشكەن توخۇچىلىق

فىرمىسىدىن سەككىزى بار. توخۇ 820 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، تەخمىنەن 5 مىليون 970 مىڭ جىڭ تۇخۇم بېرىدۇ. شەھەر بويىچە كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلەر ۋە ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەر ئالدىنقى يىلدىكى 9211 دىن 12 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

**[سودا ۋە مالىيەسى]** 1984 - يىلى سودىدا تووارلارنىڭ پارچە سېتىلىشى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. شەھەر بويىچە يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت ۋە سودا - تور نۇقتىلىرىدىن 11 مىڭ 600 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سودا سارىيى 18، چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى 11 بولۇپ، ئۇلاردا 50 مىڭدىن كۆپرەك كىشى تىجارەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمى تىجارەت سوممىسى ئۈچ مىليارت 870 مىليون يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا 190 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سودا كارخانىسى بولغان «قىزىل بايراق» يولى تۆرلۈك ماللار سودا دۇكىنى 980 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. يۇقۇرىغا بىر مىليون 150 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. مەبلەغ ئوبوروتىنى 14.26 قېتىمغا يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.7 قېتىم كۆپەيتتى.

**[ئاساسىي قۇرۇلۇشى]** 1984 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 748 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەبلەغ 421 مىليون 480 مىڭ يۈەن، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەبلەغ 327 مىليون 150 مىڭ يۈەن (ئولتۇراق ئۆيلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 156 مىليون 480 مىڭ يۈەن). شەھەر ئىچىدىكى يوللارنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇغى 279 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالى دەرىجىلىك، ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللار تەخمىنەن 100 كىلومېتىر، غول يول 69،

يولۇچى توشۇيدىغان ئاپتوۋۇز 426، كىرا ئاپتوموبىلى 92 گە، ئاپتوۋۇز قاتنايدىغان يول 30 غا يەتتى. ھازىر شەھەر ئىچىدە توم تۇرۇبا سۈيى زاۋۇدى بار، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 140 مىڭ تونا؛ سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ساقلاش ئىقتىدارى 1600 كۇبمېتىر، گاز ياقىدىغان ئائىلىلەر 110 مىڭدىن ئاشتى؛ شەھەرنىڭ كۆكەرتىلگەن كۆلىمى 769.3 گېكتارغا يەتتى، شەھەر رايونىدا 5 مىليون 230 مىڭ تۈپ دەل - دەرەخ بار، كوچا ئاچاللىرىدىكى گۈللۈكتىن 15 ى، 3555 مو يەردە كۆچەتلىك، ئالتە باغچا ۋە ھايۋانات باغچىسى بار، شەھەر-نىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 13 پىرسەنتكە يەتتى. شەھەر ئىچىدە 871 تەنتەربىيە مەيدانى، 121 كىنوخانا ۋە تىياتىرخانا (ئىدارە، جەمئىيەتلەرنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 4100 دانە كوچا چىرىغى، ئون مىڭدىن ئارتۇق تېلېفون بار.

**[مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى]** شەھەر بويىچە 110 پەن تەتقىقات ئورنى، ئىككى پەن - تېخنىكا مەركىزى، 81 شۆبە - تارماق ئورگىنى، 36 پەن - تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيەت-لىرى، 12 مىڭ 593 نەپەر ھەر خىل پەن - تېخنىكا خادىمى بار، 218 تۈر بويىچە ئىلغار تېخنىكا نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

شەھەر بويىچە يەتتە ئالىي مەكتەپ، 270 نەپەر پروفېسسور، 1068 نەپەر لېكتور، 13 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى، 72 ئاسپىرانت بار. شەھەردە ئىشچى - خىزمەت-چىلەرنىڭ ھەر خىل ئالىي مەكتەپلىرىدىن (رادىيو - تېلېۋى-زىيە داشۆلىرى، ئىشتىن سىرتقى داشۆلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 17 سى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى 621 گە، ئوقۇغۇچىسى 7422 گە يەتتى. ئوتتۇرا دەرىجە-لىك تېخنىكومدىن 31 ى بار، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئوقۇتقۇ-

چىسى 1227 گە، ئوقۇغۇچىسى 7656 گە يەتتى. ھەرخىل كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 290 سىنىپ بار، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن 194 ى بار، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 112 مىڭ 800 دىن كۆپرەككە، كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى 7539 غا يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن 310 ى بار، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 146 مىڭ 300 دىن كۆپرەككە، كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى 7677 گە يەتتى. ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 18 پىرسەنتىگە يېقىنلىشىدۇ. شەھەر بويىچە 480 باللار باغچىسى (سىنىپى) بولۇپ، باللارنىڭ يەسلىگە قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 39 پىرسەنتكە يەتتى.

شەھەر بويىچە 530 تىببىي داۋالاش ئورگىنى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 56، كېسەل كارۋىتى 9526، تىببىي داۋالاش سىستېمىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 18 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىق ساقلاش تېخنىكلىرى 13 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق، باش دوختۇردىن يۇقۇرى ئۇنۋان ئالغانلار 1548 نەپەر.


شەھەر بويىچە كەسپىي سەنئەت ئۆمىگىدىن 14 ى، ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇرتى، پونكىتى (رايون دەرىجىلىكتىن يۇقۇرى) دىن توققۇزى، ئۆسمۈرلەر سارىيىدىن بىرى، كىنو ئىستودىيىسىدىن بىرى، تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش مەركىزىدىن بىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بىرى، موزېيخانىدىن بىرى بار؛ كۇتۇپخانىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇلاردا 800 مىڭ پارچە كىتاب بار. شەھەر ئىچىدە ئالتە نەشرىيات بار، ئۇلار 962 خىل، 48 مىليون 256 مىڭ پارچە كىتاب نەشر قىلدى؛ 47 خىل يەرلىك گېزىت


AltunOq

چىقىرىلىۋاتىدۇ. 1984 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ سەيلە - ساياھەتتە بولغان چەتئەللىك مېھمانلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەتئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار 13 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى.

**[خەلق تۇرمۇشى]** شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى 1984 - يىلى داۋاملىق ياخشىلاندى. شەھەر، بازار ۋە يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇل 620 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 136 مىليون 840 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكى 335 يۈەندىن 367 يۈەنگە يەتتى، 1984 - يىلى شەھەر بويىچە پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى بىر مىليون 36 مىڭ كۇۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ 626 مىڭ كۇۋادرات مېتىرى ئولتۇراق ئۆي بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئۆي كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكى 4.8 كۇۋادرات مېتىردىن 5.1 كۇۋادرات مېتىرغا كۆپەيدى. 100 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1984 - يىلى 100 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى (ئايلىق) كىشى بېشىغا 65.58 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكى 57.58 يۈەندىن 13.89 پىرسەنت كۆپەيگەن؛ ھەر بىر كىشىنىڭ ئايلىق تۇرمۇش راسخودى 52.35 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.22 يۈەن كۆپەيگەن. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 606.85 يۈەنگە يەتكەن، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ھەر بىر ئائىلىگە 2.32 دىن توغرا كەلگەن، 100 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىدىن ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيىسى 50 يۈەندىن يۇقۇرىلار 69 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

**«شىنجاڭ يىلنامىسى» دىن ئېلىندى**



# قۇربان ھېيت

## جۇنەيد بەكرى

قۇربان ھېيت — دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ بايرىمى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭىدەك بۇ بايرامنى مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، سالا، دۇڭشياڭ ۋە باۋئەندىن ئىبارەت ئون نەچچە مىللەت ئۆزلىرىنىڭ مىللى بايرىمى ھېساپلاپ، ھەر خىل يوسۇندا قىزغىن ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ بايرامنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتاپلاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇربان ھېيت مىلادىدىن ئىلگىرىكى 13 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. مەملىكىتىمىزگە ئىسلام دىنى كىرگىنىگە 1200 يىلدىن

ئاشتى. قۇربان ھېيت ئىسلام دىنىدىمۇ ئېتىراپ قىلىنىپ، ھازىرغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى بولۇپ كەلمەكتە.

قۇربان ھېيت ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ (زۇلھەججىنىڭ) ئونىنچى كۈنى بولۇپ، شۇ كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلاردىن شارائىتى بارلار مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ. قالغان مۇسۇلمانلارمۇ ئۆز جايلىرىدا ھېيت قىلىدۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەندە قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ. جامائەت نامازدىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ ئايەملىرىنى مۇبارەكلىشىدۇ. كەمبەغەل، غېرىپ - غۇرۋالارغا سەدىقە بېرىدۇ. ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن قۇربانلىققا ئاتاپ قويغان ماللىرىنى سويۇپ، (ئادەتتە تۆگە، كالا، قوي قاتارلىقلار) قۇربانلىق قىلىدۇ.

قۇربان ھېيت ئەسلىدە دىنىي بايرام بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام تۈسىنى ئالغان. شۇڭا ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايراملارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.

ئادەتتە قۇربانلىق قىلغان كىشى قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ جامائەتكە ئاتاپ داستىخان ھازىرلايدۇ. ھېيتلاپ كىرگەنلەر ئۇنىڭغا ئېغىز تېگىدۇ. بەزى جايلاردا قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ گۆشىدىن بىر قىسمىنى پىشۇرۇپ، مەھەللە - جامائەتنى ئۆيىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ پەتە قىلدۇرىدۇ، بىر قىسمىنى غېرىپ - غۇرۋالارغا نەزىر قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە خىلمۇ - خىل نان - توقاچ، ساڭزا، پوشكال - قۇيماق ۋە تۈرلۈك قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن داستىخان ھازىرلايدۇ.

ھېيت يېقىنلاشقان مەزگىللەردە، ھەر بىر ئائىلە

ئۆزلىرىنىڭ ھويلا-ئاراملىرىنى رېمونت قىلىپ، ئۆي بىساتلىرىنى قېقىپ-تازىلاپ، تاملىرىنى ئاقارتىپ، ئىشىك ئالدىلىرىنى ۋە كوچىلارنى سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ، پاكىز ۋە رەتلىك قىلىپ زىننەتلەيدۇ. كىيىم-كېچەك، كىر-قاتلىرىنى يۇيىدۇ. ھېيتلىق يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرىدۇ ياكى كونىلىرىنى يامايدۇ، شەخسى تازىلىقلىرىنى قىلىدۇ. قىسقىسى، ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئومۇمى يۈزلۈك بىر قېتىملىق چوڭ تازىلىق ھەركىتى ئورۇنلىنىدۇ.

قۇربان ھېيتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى — ھېيت پەتىسىدىن ئىبارەت. يىلدا بىر كېلىدىغان بۇ ھېيتتا يالغۇز ئەھلى-جامائەت، خولۇم-خوشنا، ئۇرۇق-تۇققان، دوست-يار-ئاغىينىلەر ھېيتلاپ قالماستىن، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ھېيتلاپ كېلىدۇ. ساھىپخان بولغان كىشى بۇلارنىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزئارا قىزدىرىشىپ ياكى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىر-بىرى بىلەن ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ ۋە بىر-بىرىنىڭ ئۆيىگە پەتە قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت كۆتىرىلىپ، بىر بىرى بىلەن يارىشىپ ئىتتىپاق بولۇپ كېتىدۇ. خىزمەت ئالدىراشلىقى ۋە باشقا سەۋەپلەر بىلەن ئۇزۇن زامان بىر بىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن ئۇرۇق-تۇققان، ئەل-ئاغىينىلەرمۇ ئارىلىقنىڭ يىراق-يېقىنلىقىغا قارىماي، ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بىر بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پەتە قىلىپ تېچلىق سورىشىدۇ. ياشلار قېرى، ئاجىز، كېسەلمەنلەرنى يوقلايدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ توپ-توپ بولۇپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە پەتە قىلىپ سالام بېرىدۇ. دېمەك، قۇربان ھېيت ئەنە شۇنداق

دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش بايرىمى بولۇپ قالىدۇ. بۇچاغدا ھەممە كىشى خوشال ـ خورام كەيپىياتقا چۆمىدۇ.

قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ئاقسۇ، كۇچار، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ پەشتاق ياكى ھېيت ئۈچۈن تەييارلانغان ۋاقىتلىق سورۇنلاردا ناغرا ـ سۇنايلار ياڭراپ، ئۇسۇل ـ سامالار قايناپدۇ. غۇلجا، قۇمۇل تەرەپلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئۇمۇمەن ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان جايلاردا، ھېيت ـ بايراملار باشقىچە قىزىيدۇ ۋە ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ھېيتتا «شىنجاڭ سەنئەت ماكانى، ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت خۇمار خەلق» دىگەن سۆز ئەمەلىيەتتە جانلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

---

ھەرقانداق خوشاللىق كىتاپ ئوقۇغاندىكىدەك ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ.

— ئەنگلىيە

كىتاپنىڭ بىر بېتىنى ياخشى ھەزىم قىلىش — بىر كىتاپنى چالا ـ بۇلا كۆرگەندىن ياخشى.

— ئەنگلىيە

بىلىم بۇلىغى كىتاپ ئىچىدە.

— گىرىتسىيە

---

**مۇھىم تۈزىتىش**

7 ـ سان ژورنال 62 ـ بەتنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قۇرىدىكى «84 پىرسەنت» دىگەننى «8.4 پىرسەنت» دەپ ئوقۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز.



AltunOq

# ۋەلسىپىتنى كەشپ قىلغان كىشى



دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىملىق ۋەلسىپىت مۇسابىقىسى 1829-يىلى ميۇنخىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. مۇسابىقىچىلار «دومىلايدىغان چاق» نىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇخىل «دومىلايدىغان چاق» نى فىربې هىنائۇل دىلىس (1785 — 1851) ئىسىملىك بىر ئورمان باشقۇرغۇچى كەشپ قىلغان ئىدى. «دومىلايدىغان چاق» نىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاددى بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغان ئىككى دۈگىلەك چاق ۋە بىر ئورۇندۇقتىن ئىبارەت ئىدى. ئالدى چاقتا يۆنىلىشنى باشقۇرىدىغان بىر دەستە بار. كىشىلەر دومىلايدىغان چاقنى ئىككى پۇتى بىلەن ھەركەتلەندۈرەلەيدۇ ۋە توختىتالايدۇ. 1817-يىلى دىلىس ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈتۈش ئەسۋابىغا مىنىپ، شەھەر ئەتراپىدا تۇنجى قېتىم سەيلە قىلغاندا، كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكەن ئىدى، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «دومىلايدىغان چاقى» غا مىنىپ 15 سائەتتە بېسىپ بولىدىغان يولنى تۆت سائەتتە بېسىپ، بادىن شىتاتىدىن كەلگەن بىر يۇقۇرى دەرىجىلىك

ئەمەلدار بىلەن بەسلىشىپ ئۇنى ئۇتۇۋالىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، كىشىلەر بۇ غەلىتە ئورمان باشقۇرغۇچىغا قاراپ كۈلمەي قالمايتتى. بىرەر زاۋۇتمۇ بۇ خىل «دومىلايدىغان چاق» نى ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە سېتىشنى خالىمىدى.

1839 - يىلى گىرىك مىلان ئىسىملىك شوتلاندىيىلىك بىر كىشى پېدالنى كەشىپ قىلدى. ئۇ پېدالنى ئالدىنقى چاقىقا مۇقىم قىلىپ ئورناتقاندىن كېيىنلا، مۇكەممەل بىر ۋېلسىپىت مەيدانغا كەلدى، فرانسىيىلىك مىشاكس 1867 - يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋى كۆرگەزمىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ۋېلسىپىتقا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا كەشپىياتچىلار ئۆزلۈكسىز ھالدا يېڭى شەكىلدىكى ۋېلسىپىتلەرنى ياسىدى. كىشىلەر كېيىن يەنە يەل بېرىدىغان، كامېر ئوق قازان، زەنجىر قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىپ، سىناق قىلىپ ياسالغان ۋېلسىپىتلەرگە ئورناتتى، بۇ كەشپىياتلار كېيىنكى قاتناش قوراللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

گىتلىپ دىمىل موتورنى ۋېلسىپىتكە ئورنىتىپ، موتوسىكلىتنى كەشىپ قىلدى. دىمىل ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاپتوموبىلنى كەشىپ قىلدى، بۇ كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بېيىپ كەتتى. ئەمما، ھەقىقىي كەشپىياتچى دىلىسلا قۇرۇق قول قېلىپ ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىدى. ئەمما ئۇ كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىنى مەسىلەن: گۆش توغراش ماشىنىسى، خەت بېسىش ماشىنىسى ۋە كىشىلەرگە سالقىنلىق بېغىشلايدىغان غاڭزا قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلدى.

# ئېدىسوننىڭ پاتېفوننى كەشپ قىلىشى

كىچىك دوستلار، ئېدىسوننىڭ لامپوچكا، تېلېفون
قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى كەشپ قىلغان ئۇلۇغ كەش-
پىياتچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. بۇندىن يۈز نەچچە يىل
ئىلگىرى، يەنى 1877-يىلى، ئۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى
ئېلىپ قايتىدىن قويغىلى بولىدىغان پاتېفوننى كەشپ قىلغان
ئىدى. بۇ ئىش قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلىنىپ، نۇرغۇن كىشى-
لەرنى ھەيران قالدۇردى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا بۇ پاتېفون-
دا ئېلىنغان ئاۋازلار ئېنىق بولمىغاچقا، بىر مەزگىل غۇل-
غۇلا قوزغاپ، كېيىن ئۆزلۈكىدىن جىمىپ كەتتى. تۇنجى
قېتىم كەشپ قىلىنغان بۇ پاتېفون ھازىر ئەنگلىيىنىڭ پايى-
تەختى لوندوندىكى بىر مۇزېيدا ساقلانماقتا.

ئاردىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى
1887-يىلدىن ئېتىۋارەن، ئېدىسون ئۇزاق ۋاقىت تاشلاپ
قويغان ھېلىقى پاتېفون ئۈستىدە قايتا-قايتا ئىزلىنىپ ياخشى
بىر چارىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ بۇرۇن پاتېفوننىڭ ئاۋاز
ئېلىش قىسمىغا پال-پۇل قەغەزلىك تۇلۇقچا ئىشلەتكەن
ئىدى، كېيىن ئۇنى مۇم سۈركەلگەن تۇلۇقچىغا ئۆزگەرتتى.
بۇ خىل مۇم سۈركەلگەن تۇلۇقچىنى ئىشلەتكەندە ئېلىنغان

ئاۋاز خېلى ئېنىق چىقىدىغان بولدى. ئۇ چاغدىكى پاتېفون خۇددى بىر يوغان ساندۇققا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينەك قاپقاق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئىچىدىكى سايمانلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. پاتېفون ئاڭلىغاندا ئۇزۇن رېزىنكە تۇرۇبىنىڭ بىر ئۇچىنى قۇلاققا تىقىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ خۇددى دوختۇرنىڭ تىڭشىغۇچ ئارقىلىق كېسەلنى تەكشۈرگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش ئىدى.

ئېدىسون كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى.

ئۇ: «ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئالغىلى بولسا، نەقەدەر ياخشى ئىدى-ھە! ئۇ چاغدا كىشىلەر مۇزىكا ئاڭلىغۇسى كەلگەندە پاتېفوننى قويسىلا مۇزىكا ئاڭلىيالايدىغان بولاتتى!» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى شۇ چاغدا ئامېرىكىدا ئويۇن قويۇۋاتقان مۇزىكانت خوفمان بىلەن بىئاۋلوغا ئېيتتى. ئۇلارمۇ بۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقتى. 1890-يىلى بۇ ئىككىيلەن ئويۇن قويغاندا موم سۈركەلگەن تۇلۇقچا ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئېلىندى. يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تۇنجى قېتىملىق ئاۋازغا ئېلىش مانا مۇشۇنداق باشلاندى.

ئەي بالام، داستىخان ئۈستىدە تەرتىپلىك بولۇڭ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نەمەتكە كۆز يۈگۈرتمەڭ، قول ئۇزارتماڭ. قوسىقىڭىزنى تويغۇزۇپلا ئالدىراپ ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ كەتمەڭ، بولمىسا باشقىلار ھوزۇرلۇق تاماق يېيىشتىن توختاپ قالىدۇ.

# بېرلىنانىڭ پىلاستىنكىنى كەشپ قىلىشى

ئامېرىكىدا بېرلىنا ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن ئىدى. ئۇ ئېدىسون كەشپ قىلغان پاتېفونغا قىزىققان بولسىمۇ، ھەم سۇركەلگەن تۇلۇقچىنى ئانچىلا ياقتۇرمىغان ئىدى. چۈنكى بۇ خىل ئاۋاز ئېلىش تۇلۇقچىسىنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاش ئەپسىز ئىدى. ئۇ قايتا-قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇ تۇلۇقچىنى دۈگىلەك، تەكشى يۈزلۈك تەخسىگە ئۆزگەرتتى. بۇ خىل تەخسىنى بىز «پىلاستىنكا» دەپ ئاتايمىز، بەزى كىشىلەر ئۇنى «ناخشا تەخسىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئىش 1900-يىلى بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. كىچىك دوستلار، بۇ يىلنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار. ئاشۇ يىل پىلاستىنكىنىڭ «تۇغۇلغان كۈنى» دۇر. تۇنجى پىلاستىنكا مانا مۇشۇ يىلى دۇنياغا كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھېساپلىغاندا پىلاستىنكا بۇ يىل 85 ياشقا كىردى. ئەمما مۇشۇ 85 يىل جەريانىدا پىلاستىنكا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇردى. ئەڭ دەسلەپتە پىلاستىنكىغا ئاۋاز ئالغاندا، ئارتىست يوغان بىر كانايغا قاراپ ناخشا ئېيتاتتى. پىلاستىنكا قويغاندا ئالماس يىڭنە ئىشلىتىلەتتى، يىڭنە پىلاستىنكا ئوتتۇرىسىدىن سىرتقا قاراپ ئايلىناتتى.

1925-يىلدىن باشلاپ پىلاستىنكا ئاۋازى بارغانسېرى



AltunOq

ياخشىلاندى. چۈنكى شۇ يىلدىن باشلاپ ئېلېكتىرلىك ئاۋازغا ئېلىش يولغا قويۇلدى. پلاستىنكىغا ئاۋاز ئالغاندا، ناخشا ئېيتقۇچى مىكرافونغا ناخشا ئېيتىدىغان بولدى. پلاستىنكا يىڭنىسى پولات يىڭنىگە ئالماشتۇرۇلۇپ، ئۇ سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ ئايلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. كېيىن ئاۋازغا ئېلىش تېخنىكىسى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۆزۈك پلاستىنكا (سۇلياۋدىن ياسالغان پلاستىنكا)، ئىستېرو ئاۋازلىق پلاستىنكا، ماگنىتلىق لېنتىغا ئاۋاز ئېلىش ۋە ئىستېرو ئاۋازلىق قۇتا شەكلىدىكى ماگنىتلىق لېنتىغا ئاۋاز ئېلىش بارلىققا كەلدى.

كىچىك دوستلار، سىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسى چەتئەللەرنىڭ ئەھۋالى ئىكەن، بىزنىڭ جۇڭگودا قاچاندىن باشلاپ پلاستىنكا پەيدا بولغان؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن.

20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى چەتئەللىك چوڭ سودىگەرلەر شاڭخەيدە «بەيدەي»، «غالىبىيەت» قاتارلىق پلاستىنكا شىركەتلىرىنى قۇرغان ئىدى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن پلاستىنكا ئىشلەش ھوقۇقى چەتئەللىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ ھوقۇق قايتۇرۇۋېلىنىپ، جۇڭگو پلاستىنكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى. شۇندىن باشلاپ پلاستىنكا ئىشلەش ھوقۇقى جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

كىچىك دوستلار، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قالدۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن ئىدى. ئۇلار نائىلاج شاگىرت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئۆز ماھارەتلىرىنى

ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا يەتكۈزدى. ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» مانا شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. پىلاستىنكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئارزۇلىرىنى رېياللىققا ئاي ـ لاندۇردى، بۇ، ئالقىشلاشقا ۋە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان زور خۇشاللىق ئىش! ئۇلار بىز ۋە كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن نىمە دىگەن ئوبدان شەرت ـ شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن ـ ھە! گەرچە پىلاستىنكىنى بېرلىنا كەشىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەڭ زور شان ـ شەرەپ پاتىغوننى كەشىپ قىلغان ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسونغا مەنسۇپ!

دارۋىننىڭ نامى دۇنياغا تونۇلغاندىن كېيىن، بىر بەگزادىنىڭ خېنىمى دارۋىننى ئىزلەپ كېلىپ ئۇنىڭدىن: «دارۋىن ئەپەندىم، سىز بولسىڭىز داڭقىڭىز چىققان بىر ئالىم، سىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ خېلى تەتقىقاتىڭىز بار، سىزدىن شۇنى سورىماقچىمەن: مېنىڭ بالامنى زادى قايسى ۋا- قىتتىن باشلاپ تەربىيىلىشىم كېرەك؟» دەپ سوراپتۇ.

— بالىڭىز قانچە ياشقا كىردى؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ دارۋىن.

— بالام ئىككى يېرىم ياشقا كىردى...

دارۋىننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپتۇ ـ دە:

— خېنىم، كېچىكتىڭىز، ھازىر ئىككى يې- رىم يىل كېچىكتىڭىز، — دەپتۇ.

# ئۇلار ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا

## پىل كۆندۈرگۈچى بالا

سىز 12 ياشقا كىرىپ نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز؟ بەلكىم يەنىلا مەكتەپ قوينىدا ئوقۇۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بىراق تايلانددىكى بەزى يېزىلاردا، 12 ياشلىق ئوغۇللار بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن پىل كۆندۈرۈشتەك قىزىقارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا.



ئاسىيا ئورمانلىقلىرىدا جەمئىي 4 مىڭ پىل دەل-دەرەخلەرنى قومۇرۇش، ياغاچلارنى ترانسپورت ئەسلىھەلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق زور ئىشلارنى قىلماقتا. ئۇلار ئەسلى ياۋا پىللار بولۇپ، ئۈچ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ كىشىلەر تەرىپىدىن كۆندۈرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى.

پىل ئۈچ ياش ۋاقتىدا بەزى ئىشلارنى قىلالايدىغان بولغاچقا ئۇلارنى كۆندۈرۈشمۇ ئاسانغا چۈشكەن ئىدى. پىل كۆندۈرگۈچى باللار ئۇلارنى ھەر كۈنى تۆت قېتىم سۇغا چۆمۈلدۈرەتتى، بانان يوپۇرماقلىرى ۋە بانان نوتىلىرى بىلەن باقاتتى، قىسقىسى، پىللار بىلەن ئالتە سائەتلەپ بىللە بولاتتى.



## ئون ئىككى ياشلىق شەھەر باشلىغى

ئامېرىكىنىڭ تېكساس شىتاتى ئەتراپىدا، ھوستون ناملىق بىر يېزا بازىرى بولۇپ، ئۇ يەردە پەقەت 75 ئائىللا ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەرنىڭ ئاتاقلىق ئەربابى — 12 ياشلىق شەھەر باشلىغى بىروي سىمومىن مانا مۇشۇ يېزا بازىرىدا ياشايدۇ.

ئۇ 1983 - يىلى 30 كىشلىك بىر سايلامدا 23 ئاۋازغا ئېرىشىپ، ئىككى چوڭ نامزات ئۇستىدىن غەلىبە قىلدى.

بىروي ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ ھەمدە ھەركۈنى

---

بىر يىل بىر ئائىلىنى ئىشلەپ باقالايدۇ، شۇڭا، يىلمۇ شۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى ھىساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىل باقىدىغان بالىلار يىللارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ.

بىراق يىل تۇتۇپ ئىشلىتىش ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس، ئەگەر يىل دالىدا ئۆز ئەركى بىلەن ياشىسا 80 يىلدىن 150 يىلغىچە ياشىيالايدۇ، كۆندۈرۈپ ئىشلىتىلگەن يىل ئاران 60 يىل ياشىيالايدۇ.

ئىككى-ئۈچ سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ، شەھەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ئادەملەرنى تەشكىللەپ يېزا بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر تاشيول ياسىتىۋاتىدۇ ۋە پىكاۋىنى ھەيدەپ يۈرۈپ، ئاپتوموبىللارنى ھەددىدىن ئارتۇق تېز سۈرئەتتە ھەيدىگەن شوپۇرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدۇ. شەھەر باشلىقى بىرۇي ئۆزلىرىنىڭ ساقچىسى، ئوت ئۆچۈرگۈچىلىرى بولۇش، باج ئىشلىرىنى مۇستەقىل باشقۇرۇش ئۈچۈن شىتات ھۆكۈمىتىگە ئۆزلىرىنىڭ بىرلەشمە يېزا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

بىرۇي، ئامېرىكىدىكى ئەڭ ياش شەھەر باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن گېزىت، تېلېۋىزورلاردا داڭ چىقاردى. ئۇ يەنە «دۇنيادىكى ئەڭ» لەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن، مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن: «چوڭلار سىزگە بوي سۇنامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھېچقانداق مەسىلە يۈز بەرگىنى يوق، ئۇلار مېنىڭ شەھەر باشلىقى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. مەن يېزا بازىرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمەن. كۆپلىگەن كىشىلەر مېنىڭ مۇشۇ تەرىپىمنى ماختايدۇ» دېگەن.

ئۇ يەنە مۇخبىرنىڭ «باشلىق بولغاندا ئوقۇشقا دەخلى يېتەمدىكەن» دېگەن سوئالىغا «ياق، ھەتتا كالتەك توپ ئوينىشىمغىمۇ دەخلى يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاپ قايتۇرغان.

> ئەي بالام، ئالغۇ-بەرگىدە ئادىل ۋە سەممىي بولۇڭ، شۇ چاغدا يۈزىڭىز يورۇق بولىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ رەنجىمەيسىز.

## سەرگەردانلارنى باققۇچى

12 ياشلىق ترېن فانروۋي تېلېۋىزوردىن يولنىڭ چەتلىرىدە ۋە خارابىلىقلاردا ياتقان ئاچ-يالىڭاچ سەرگەردانلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈسى كېلىپ يېمەكلىك، كىيىم-كېچەك ۋە يېپىنچا يىغىشقا باشلىغان.

ئۇ ھەركۈنى ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە 70 كە يېقىن سەرگەردانغا يېمەكلىك ۋە كىيىم-كېچەك تارقىتىدۇ.

يېقىندا ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئارقىلىق سەرگەردانلارغا ياردەم قىلغان نۇرغۇن سوغاتلارنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىن 30 ئېغىزلىق بىر يۇرۇش كونا ئۆينى ھەممىدىن بەك ياقتۇردى. ئۇ بۇ ئۆيلەرنى سەرگەردانلار ئۈچۈن رېمونت قىلىپ بەردى.

ئەي بالام توي-تۆكۈنلەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنى بېسىپ ئولتۇرماڭ، ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋالماڭ. ئىككى كىشى سۆزلىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەڭ. شۇنداق قىلغاندا ئىناۋىتىڭىز، ھۆرمىتىڭىز ئاشىدۇ.

## ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

كىچىك دوستلار، يېقىندا چەتئەلدىكى پسىخولوگلار: ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بالىلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ، مۇشۇ تۈرلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر بالىنىڭ ئىجاتچانلىقىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلىدى.

1. باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، بىرەر ئىش قىلغاندا پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

2. بىر مەسىلىنى ئېغىزچە ياكى يېزىقچە ئىپادىلىگەندە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنالايدۇ.

3. پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاپ ئوقۇيالايدۇ ۋە يازالايدۇ.

4. ئوقۇتقۇچىسى ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولغاندا خوشاللىق ھېس قىلالايدۇ.

5. نوپۇزلۇقلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا نىسبەتەن ئۆز گۇمانىنى قويۇشقا ئامراق كېلىدۇ.

6. شەيئىلەرنىڭ ھەرخىل سەۋەپلىرىنى تېپىشقا ئادەتلەنگەن بولىدۇ (تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈش، شەيئىلەرنىڭ باش-ئايىغىنى ئېنىقلاپ ئېلىشقا ئامراق كېلىدۇ).

7. شەيئىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ.

8. باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىكى مەسىلىلەرنى بايقىيالايدۇ.

9. ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۇيىقىۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

10. مەسىلىلەرنى ۋە بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل باغلىنىشلارنى بايقىيالايدۇ.

11. كۆندىلىك ئاساسىي تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتىن تاشقىرى ئادەتتىكى مەسىلىلەرنىمۇ تەتقىق قىلالايدۇ.

12. ھەۋەسكار كېلىدۇ.

13. ئۆزىگە خاس تەجرىبە ئۇسۇلى ۋە بايقاش ئۇسۇلى بولىدۇ.

14. مەسىلىلەرنى كۆزىتىشكە قىزغىن بولىدۇ.

15. نەتىجىسىنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ، ھەمدە مۇشۇ نەتىجىنى توغرا سىناق قىلالايدۇ.

16. بىرەر ئىشقا كىرىشسە باشتىن ئاخىر بوشاشمايدۇ.

17. شەيئىلەر ئۈستىدىكى يېڭى جاۋاپ، يېڭى نەتىجىلەرنى دائىم مۇھاكىمە قىلىدۇ.

18. مەسىلىلەرنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتىش ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

19. ئۆگىنىشتە ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى بولىدۇ.

20. بىر مەسىلىنىڭ ئېھتىماللىقىنى بىرخىل ئۇسۇلدىن تاشقىرى كۆپ تەرەپلەردىن تەكشۈرەلەيدۇ.

21. ئۈزلۈكسىز يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئويۇن-تاماشا قىلغاندىمۇ، بوش ۋاقىتلىرىدىمۇ يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ تۇرالايدۇ.



# ھەقىقىي شائىر زادى كىم

(ھىندى خەلق چۆچىكى)

بىر كۈنى، ھىندىستان پادىشاسى ھەقىقىي شائىرلاردىن بىرنى تاللاپ ئوردىغا كەلتۈرۈشنى ۋەزىرىگە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ھەر تەرەپكە جاكارچىلارنى ئەۋەتىپ، پادىشانىڭ ئەمرىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى پۇقرالارغا يەتكۈزۈپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، 1001 نەپەر شائىر تاللىنىشقا قاتناشماقچى بولۇپ، ۋەزىرنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ يىغىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ھەقىقىي شائىر دەپ ئاتىۋالغانلار ئىكەن. ۋەزىر توپ-توغرا 21 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شائىرلار ئوقۇغان شېئىرلارنى ئاڭلاپتۇ. بىراق كىمنىڭ شېئىرى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالماپتۇ. ئۇ ئۇدا ئىككى-ئۈچ كۈن ئويلانغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ۋەزىر ئىلاجسىزلىقتىن 1001 نەپەر شائىرنىڭ ئىسىملىكىنى ئالتۇن ھەل بىلەن بىر پارچە قەغەزگە پۈتۈپ، ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ پادىشاغا سۇنۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا نارازى بولۇپ: «شۇنچىۋالا

ئادەمنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي شائىرمىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.

— شاھ ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەزىر، — مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاپ چىقىقان بولسامۇ، قايسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالماي، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكىنى پۈتۈپ ئېلىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئالىيلىرى، كۆزدىن كەچۈرگەيلا.

پادىشا بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، بۇ شائىرلارنىڭ ھەممىسىنى زىندانغا تاشلاپ، قاتتىق جازالاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىشىلەرگە بۇندىن كېيىن يەنە شېئىر يازىدىكەن، يازغان شېئىرى بىرەر مىسرا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قاتتىق جازالىنىپ، چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، دەپ جاكالاپتۇ.

يىرىم يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشا ياساۋۇللارغا زىندانغا چۈشۈپ، بارلىق شائىرلارنى ئاختۇرۇپ، پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئۇقۇپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. نەتىجىدە بۇ 1001 ئادەم ئىچىدىن 101 ئادەمنىڭ پادىشانىڭ غەزىۋىدىن قورقماي، زىنداندىكى قاتتىق جازالارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاخشاملىرى يوشۇرۇنچە شېئىر يازغانلىقى سېزىلىپتۇ.

— ھەي، — دەپتۇ پادىشا ۋەزىرگە قاراپ، — ئەھۋالغا قارىغاندا بۇلارنىڭ 900 نەپىرى ھەقىقىي شائىر ئەمەسكەن. ئۇلارغا ئازراقتىن پۇل بېرىپ قايتۇرىۋەت. قالغانلىرىنى ئوردىغا ئورۇنلاشتۇرغىن. ئۇلار بىر قانچە كۈن كۆڭۈل-دىكىدەك ئوينىۋالسۇن.



AltunOq



ۋەزىر بۇلارنى بىر-بىرلەپ بىجا كەلتۈرۈپتۇ. ئوردىدا شائىرلار تاۋا-دۇردۇنلارنى كىيىپ، نازۇ نېمەتلەرنى يەپتۇ. كېچە-كۈندۈزلەپ بەزمە قىلىشىپتۇ. بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئاغزىغا كەلگەن گەپنى سۆزلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەرمۇ يىرگىنىپ كېتىپ قالىدىكەن.

ئارىدىن يەنە يېرىم يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشا ۋەزىرنىڭ ھەمرالىغىدا ئۇلارنى يوقلاپ كەپتۇ ۋە بارلىق شائىرلارنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ:

— مۇشۇ يېرىم يىل ئىچىدە بەك كۆڭۈللۈك ئۆتكەنسىلەر! يېقىندىن بۇيانقى نادىر ئەسەرلىرىڭلارنى ئوقۇپ بەرسەڭلار. مەن بۇنىڭدىن ھوزۇرلانسام قانداق؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شائىرلار باشلىرىنى ئالاقىزادىلىك بىلەن تۆۋەن سېلىشىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېلىشىپتۇ. بىراق بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياش شائىر پادىشاغا تەمكىنلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى ئۇ مۇشۇ يېرىم يىل ئىچىدە يەنىلا تىرىشچانلىق، ئىقتىساتچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، باشقىلار ھاراق ئىچىپ غەرق مەس بولۇشقاندا، ئۇ ئۇلار بىلەن بىر ئىقىمدا بولغانمىغان،

بەلكى شېئىر يېزىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ كەلگەن ئىكەن.

— ياق، بۇ 100 ئادەمنىڭ ھېچقايسىسى شائىر ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى لۈكچەكلەر، پارازىتلار، — دەپتۇ پادىشا ۋەزىرگە قاراپ، — ئۇلار بېشىغا كۈن چۈشۈپ زىندانغا تاشلانغاندا، شېئىر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دەرت-ئەلەم ۋە بەختسىزلىكلىرىنى بايان قىلىشقان، بىراق تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلانغان ھامانلا، ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلىپ شېئىر يازىدىغان قەلەملىرىنى تاشلىۋېتىشكەن. بۇلارنىڭ ئەددىۋىنى بېرىپ قوغلاپ چىقىرىش كېرەك!

بىردەمدىن كېيىن پادىشانىڭ غەزىپى پەسلەپتۇ. ئۇ ھىلىقى ياشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يىگىت مەيلى زۇلۇم چەككەندە بولسۇن ياكى خۇشاللىقتا بولسۇن، شېئىر يېزىشنى توختاتمىغان. مەيلى زۇلەتلىك كېچىلەردە ياكى سائادەت تېڭى ئاتقاندا بولسۇن، ئۇ ئۆز شېئىرى بىلەن ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرغان. مانا بۇ — ھەقىقىي شائىردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت. بۇنداق شائىرلار قەلەمنى مەڭگۈ تاشلىۋەتمەيدۇ. شۇڭا، مۇشۇ يىگىتلا ھەقىقىي شائىر دېگەن نامغا مۇناسىپ، بۈگۈندىن باشلاپ، ئۇ مېنىڭ ئوردا شائىرىم. ئۇ قانچىلىك ھەق تەلەپ قىلسا، شۇنچىلىك ھەق بېرىڭلار. ئۇ ھەر كۈنى ئوردامغا كىرىپ، يېڭى يازغان شېئىردىن بىرنى ماڭا ئوقۇپ بەرسۇن، — دەپتۇ.

بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرى ياش شائىر ئوردىغا بېرىپتۇ، بىراق تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە، ئۇ ۋەزىر ئارقىلىق پادىشاغا بىر پارچە مەكتۇپ كىرگۈزۈپ،




ئۆزىنىڭ ئوردىغا بېرىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى، بەلكى يۇرتىغا كېتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى ئىزهار قىپتۇ. ئۇ خېتىدە: «مەن خەلقنىڭ شائىرى. شاهلار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان مالاي ئەمەس» دىگەن ئىكەن.

— ئىززىتىنى بىلمەيدىغان! — دەپتۇ ۋەزىر دەر غەزەپ بولۇپ.

— ياق، — دەپتۇ پادىشا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — سەن خاتا ئېيتتىڭ. بۇ ئۇنىڭ ھەقىقى شائىر ئىكەنلىگىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىلىش كېرەككى، ھەقىقى شائىر تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە شېئىر يېزىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ، خەلقنى مەدھىيىلەيدىغان ئەڭ ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ چىقىشى كېرەك. شۇنى جاكالايمەنكى: گەرچە ئۇ ئوردىغا كەلمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىش ھەققى بېرىلسۇن.

خەنزۇچىدىن: ئابدۇقېيىم ھىممەت تەرجىمىسى



## شوپۇرنىڭ ئىقتىدارى

ئاسماندا يۇلتۇزمۇ، ئايمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىر ماشىنا چىرىغىنىمۇ ياندۇرماي قاپ-قاراڭغۇ تاشيولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. تويۇقسىز ئاڭلانغان «شالدىر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، شوپۇر ماشىنىنى تورمۇزلىدى-دە، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ماشىنىنىڭ ئالدىدا ياتقان بىر پارچە قارا لاتىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

قېنى، ئەقىللىق باللار، ئېيتىڭلارچۇ، شوپۇر يولغا چۈشۈپ قالغان قارا لاتىنى قانداق كۆرەلىدى؟

## بۇلارنى قانداق ئولتۇرغۇزۇش كېرەك

بىر دۈگىلەك شىرەنىڭ ئەتراپىدا بەش ئادەم ئولتۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە A كىشى جۇڭگولۇق، ئۇ ئىنگلىزچە بىلىدۇ. B كىشى فرانسىيىلىك، ئۇ ياپونچە بىلىدۇ. C كىشى ئەنگلىيىلىك، ئۇ فرانسوزچە بىلىدۇ. D كىشى ياپونىيىلىك، ئۇ خەنزۇچە بىلىدۇ. E كىشى ئامېرىكىلىق، ئۇ فرانسوزچە بىلىدۇ.



ئېيتىڭلارچۇ، ئۇلار قانداق ئولتۇرغاندا بىر بىرى بىلەن سۆھبەتلىشەلەيدۇ؟

# نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئورنى

مەلۇم ئورۇندا بىر نېفىتلىك ئېنىقلاندى. نېفىتلىكتە A، B، C، D، E دىن ئىبارەت بەش ئورۇندا قۇدۇق ئېغىزى بار. هازىر بىزگە بۇ قۇدۇق ئېغىزلىرىنىڭ جايلىشىشىدىكى مۇنداق مۇناسىۋەت مەلۇم.



1. B قۇدۇقتىن A، D، E قۇدۇقلارغىچە بولغان ئارىلىق ئۆزئاراتەڭ.
2. C قۇدۇقتىن A، B، E قۇدۇقلارغىچە بولغان ئارىلىق ئۆزئارا تەڭ.
3. E قۇدۇقتىن A، C، D قۇدۇقلارغىچە بولغان ئارىلىق ئۆزئارا تەڭ.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭلار، بۇ قۇدۇقلارنىڭ ئورنىنى چېرتيوژدا قانداق كۆرسىتىش كېرەك؟

مەمتىمىن بۇرهان

## 7 - ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابلىرى

**«شايى تالىشىش»:** ۋالى ھىلىقى ئىككى ئادەمنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويغان. باشقا بۇ ئۇۋالىقتىن زارلىنىپ ۋالىنى تىللىغان. ھىلىقى ئالدامچى بولسا خوشال بولۇپ ۋالىغا رەھمەت ئېيتقان. پايلاقچىلار بۇ ئەھۋالنى ۋالىغا يەتكۈزگەن. ۋالى دەرھاللا ئۆزىنى ماختىغۇچىنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ ئۇنى جازالىغان.

**«ئۇ نىمىنى يوقاتتى»:** ۋەلسېپىتلىك يىگىت ۋەلسېپىت-تىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى يوقاتمىغان. ئۇ «ئەخلاق» نى يوقاتقان.

**«كۆڭۈلدىكى گەپ»:** شىتى نىۋسەي ۋەزىرلەرگە: «سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردىكى گەپ ماڭا بەش قولدەك ئايان. سىلەر ھازىر كۆڭلۈڭلەردە مۇنداق بىر گەپنى ئويلاۋاتىسىلەر: بىزنىڭ ئىرادىمىز پولاتتەك مۇستەھكەم. بىز پادىشاغا ئەبەدىل - ئەبەت سادىق، بارلىغىمىز پادىشاغا تالىق. بىز پادىشا-دىن مەڭگۈ يۈز ئۆرمەيمىز، شاھقا يامان نىيەتتە بولمايمىز»

ۋەزىرلەر بۇ گەپنى قانداقمۇ يالغان دىيەلىسۇن؟! يالغان دىسە كاللىسى كەتمەمدۇ؟

**«ئۇ نىمە»:** ئۇ — ۋاقىت. ۋۇلتا يىرى مۇنداق دىگەن:

«ۋاقىتتىن ئۇزۇن نەرسە يوق، ۋاقىتنىڭ چېكى بولمايدۇ؛ ۋاقىتتىن قىسقا نەرسىمۇ يوق، چۈنكى بىز دائىم دىگۈدەك ئۆز پىلانىمىزنى ئورۇنلىيالماي قالىمىز؛ كۈتۈپ تۇرغۇچى ئۈچۈن ۋاقىت ئەڭ ئاستا، خۇشاللىقتا چۆمگەن كىشى ئۈچۈن ۋاقىت ئەڭ تېز ئۆتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ۋاقىتنى ئەڭ زور، تۈگىمەس-پۈتمەس نەرسىگە ئايلاندۇرغىلىمۇ، ئەڭ كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلگىلىمۇ بولىدۇ. ۋاقىتنى ئۆز ۋاقتىدا ھېچكىم قەدىرلىمەيدۇ، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندە ھەممەيلەن ئۆكۈنىدۇ. ۋاقىت بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ، كېيىنكىلەرنىڭ خاتىرىلىشىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرنى ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرىدۇ، يوقىتىۋېتىدۇ، ئۇلۇق نەرسىلەرنى ۋاقىت ئەبەدىي ئۆلمەس ھاياتقا ئىگە قىلىدۇ».


**مۇھىم تۈزىتىش**

7-ساندىكى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ 2-سوئالى دىققەتسىزلىكتىن خاتا بېسىلىپ قالغان. ساۋاقداشلارنىڭ 8-ساندىكى مۇشۇ تۈزىتىش ئاساسىدا قايتا ئىشلىشىنى قارشى ئالىمىز.

| ئەسلى بېسىلغىنى | ھازىرقى توغرىسى |
|---|---|
| 1, 3,7, 13,12( )43,57 | 1, 3,7, 13,21( )43,57 |

# مېتاللارنىڭ كۆچۈشى

بىر ئىستاكانغا يېرىمىدىن ئاشقىچە تۇز سۇيى قۇيۇڭ. ئاندىن مىس پىلاستىنكىسى ۋە سىنك پىلاستىنكىسىنىڭ ھەر-بىرىدىن بىر پارچىدىن كېسىۋېلىڭ-دە، (كېرەكسىز باتارېيىنىڭ سىرتقى پوستىنى پاكىز يۇيۇپ قۇم قەغەز بىلەن پارقىرىتىپ، سىنك پىلاستىنكىسى ئورنىدا ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ) باتارېيىنىڭ مۇسبەت قۇتۇبىنى سىنك پىلاستىنكىسىغا، مەنپىي قۇتۇبىنى مىس پىلاستىنكىسىغا ئۇلاڭ ۋە بۇ ئىككى مېتال پىلاستىنكىسىنى تەييارلانغان ئاش تۇزى ئېرىتمىسىگە چىلاڭ. بۇلارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن بىر سانتىمېتىر بولسۇن. ئۆزئارا تېگىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىككى مېتال پىلاستىنكىنى ئېلىپ قارىسىڭىز، سىنك پىلاستىنكىسىنىڭ پارقىراق يۈزىنىڭ خىرەلەشكەنلىكىنى، قىزغۇچ مىس پىلاستىنكىسىنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت كۈلرەڭ پەردە ئوراۋالغانلىقىنى كۆرىسىز.




بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەسلىدە مىس پىلاستىنكىسىنىڭ ئۈستىدىكى كۈلرەڭ نەرسە سىنك مېتالىدىن ئىبارەت. بىر ئىككى خىل مېتال پىلاستىنكىسىنى ئاش تۇزى


ئېرىتمىسىگە چىلاپ، ئۇلارغا توك ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئېلېكتىر مەنبەسىنىڭ مۇسبەت قۇتۇبىغا ئۇلانغان سىنىك توك ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ئۈزلۈكسىز هالدا ئېرىتمە ئېچىگە ئاجراپ چىقىدۇ-دە، ئېلېكتىر مەنبەسىنىڭ مەنپى قۇتۇبىغا ئۇلانغان مىس پىلاستىنكىسى تەرىپىدىن سۈمۈرۈلىدۇ ۋە يۇقۇرىدا بىز كۆرگەن ئەھۋالنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر بىز ئېلېكتىر قۇتۇپلىرىنى ئالماشتۇرساق (مىس پىلاستىنكىسى-نى مۇسبەت قۇتۇپقا، سىنىك پىلاستىنكىسىنى مەنپى قۇتۇپقا) ئۇ هالدا مىس پىلاستىنكىسىنىڭ ئۈستىگە قاپلانغان سىنىك، ئېلېكتىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ئۆز ئورنىغا كۆچىدۇ-دە، مىس قايتىدىن ئاۋالقى پارقىراق قىزغۇچ هالەتكە كېلىدۇ. بۇنىڭ قانۇنىيىتىمۇ يۇقۇرقىغا ئوخشاش.

ئېرىتمىدىن تۇراقلىق توك ئۆتكەندە مېتاللار ئېلېكتىر مەنبەسىنىڭ مۇسبەت قۇتۇبىدىن مەنپى قۇتۇبىغا كۆچىدۇ. كىشىلەر مېتاللارنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئىشلارنى بېجىرىدۇ. مەسىلەن: توك ئارقىلىق هەل بېرىش، بەزىبىر مېتاللارنى ساپ هالدا ئاجرىتىۋېلىش قاتارلىقلاردا بۇ پىرىنسىپ قوللىنىدۇ.

ماتىريالدىن: **مەمتىمىن بۇرھان**


ئادەملەر ئەقلىنىڭ چىرىغى بىلىم،
بالادىن قوغدىنىش يارىغى بىلىم.
— ئەبۇ ئابدۇللا روداكى

## تارتىش كۆچىگە ئىگە بارماق



بىر تال قېرىنداش تۇخۇمنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇزۇلغان. سىز قول تەككۈزمەستىن ئۇنى بەلگىلىك يۆنىلىشتە ئايلاندۇرالامسىز؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى ئاسان. يەنى يالاڭغاداق پۇتىڭىزنى گىلەمگە بىر نەچچىنى سۈركىگەندىن كېيىن (دىققەت قىلىش كېرەككى، ناھايىتى قۇرغاق شارائىتتىلا ئۈنۈم بېرىدۇ) بارمىقىڭىزنى قېرىنداشقا يېقىن ئەكەلسىڭىز، قېرىنداش قولىڭىز بىلەن تەڭ ئايلىنىدۇ. چۈنكى پۇتىڭىزنى گىلەمگە سۈركىگىنىڭىزدە تېنىچ زەرەت ھاسىل بولۇپ، بارمىقىڭىز تېنىچ زەرەتلىنىپ قالغان. مانا مۇشۇ تېنىچ زەرەت قېرىنداشنى ئايلاندۇرغان.

## سوغاق سۇدا سۇ «قاينىتىش»



رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئەينەك قۇتىغا سۇ قاچىلاپ ئىسپىرت لامپىسى ئارقىلىق قىزىتسىڭىز، قۇتىدىكى سۇ بولدۇقلاپ قاينايدۇ. ئەگەر ئىسپىرت لامپىسىنى ئېلىۋېتى-



Altun0q

سىگىز، قۇتىدىكى سۇ قايناشتىن توختايدۇ. ئاندىن قۇتىنىڭ ئاغزىنى پۇرۇپكا بىلەن ھەم ئېتىپ، داۋام قىلىپ جازىغا قىستۇرغاندىن كېيىن ئۈستىدىن بىر ئىستاكان سوغاق سۇنى قۇيسىگىز، ئەينەك قۇتا ئىچىدىكى سۇ بۇل-دۇقلاپ قاينايدۇ.

ئەسلىدە ئەينەك قۇتا ئىچىدىكى سۇ پارى سوغاقنىڭ تەسىرى بىلەن قېتىشقاندىن كېيىن قۇتىدىكى بېسىم تۆۋەن-لەيدۇ شۇنىڭدىلا سۇنىڭ قايناش نۇقتىسىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. ئىلمىي بېكىتىشكە ئاساسلانغاندا، ئاتموسفېرا بېسىمى 760 مىللىمېتىر سىماپ تۈۋرۈكى بولغاندا سۇنىڭ نورمال قايناش نۇقتىسى 100°C بولىدۇ؛ ئاتموسفېرا بېسىمى 787.5 مىللىمېتىر بولغاندا، سۇنىڭ قايناش نۇقتىسى 101°C بولىدۇ. ئەكسىچە ئاتموسفېرا بېسىمى تۆۋەنلەپ 525.5 مىللىمېتىر بولغاندا، سۇنىڭ قايناش نۇقتىسى 90°C بولىدۇ.


ئوسمان مۆمىن

ئەي بالام، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ھاياتلىقىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلغايسىز. ئۇلار ھاسا تاياققا چۈشۈپ قالغاندا ۋە ياكى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ بارلىق ئوقايچىلىقنى يارىتىپ بەرگەيسىز، دىلىڭىزغا قىلچە غەيرى ئويلارنى كەلتۈرمىگەيسىز. بۇ سىزدىكى ئالىي پەزىلەتنىڭ نامايەندىسى.

## بوشلۇقنى ھاۋا ئىگەللەپ تۇرامدۇ؟

قول ياغلىق (ياكى بىر ۋاراق قەغەز) نى پۈرلاپ ئىستاكان (ياكى قۇتا) غا سېلىپ، ئۇنى دۈم كۆمتۈرۈڭ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، ئىچىدىكى قەغەز چۈشۈپ كەتمىسۇن.

ئۇنىڭدىن كېيىن داسقا سۇ قۇيۇپ ھىلىقى دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئىستاكاننى سۇغا سېلىڭ ۋە بىر - ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۇنى سۇدىن ئېلىپ ئىچىدىكى قول ياغلىقنى چىقىرىڭ.



بۇ ۋاقىتتا كۆرىسىزكى: قول ياغلىق يەنىلا قۇرۇق بولىدۇ.

**چۈشەندۈرۈش:** ئىستاكانغا سۇ كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدە لىق «ھاۋا» بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بوشلۇقنى «ھاۋا» ئىگەللەپ تۇرىدۇ.

ھاۋا ئادەتتە گاز بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئەييەن شەكلى ۋە ھەجمى بولمايدۇ. لېكىن ئۇ پۈتكۈل بوشلۇقنى ئىگەللەپ تۇرىدۇ.

# «بوش» بوتۇلكىغا سۇ قۇيغىلى بولامدۇ؟

بوتۇلكىغا ۋورۇنكىنى كىرگۈزۈپ ئېغىزىنىڭ چۆرىسىنى لاي بىلەن چاپلاڭ.

ۋورۇنكىغا سۇ قۇيۇپ قانداق ھادىسە يۈز بېرىدىغانلىقىغا قاراڭ.



ئۇنىڭدىن كېيىن بوتۇلكا ئېغىزىنىڭ چۆرىسىدىكى لاينى چىقىرىۋېتىڭ.

بۇ ۋاقىتتا كۆرىسىزكى: لاي چاپلىۋەتكەندە ۋورۇنكىدىكى سۇ بوتۇلكىغا قۇيۇلمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاستا تامچىلايدۇ. لاينى چىقىرىۋەتكەندە بولسا، ۋورۇنكىدىكى سۇ بوتۇلكىغا بەھۇزۇر قۇيۇلىدۇ.

**تەھلىلى:** بوتۇلكىنىڭ ئاغزى بىلەن ۋورۇنكا ئارىسىدىكى يوچۇققا لاي چاپلىۋەتكەنلىكتىن ۋورۇنكىغا سۇ قۇيسىڭىز بوتۇلكا ئىچىدىكى ھاۋا چىقىپ كېتەلمەيدۇ ياكى ۋورۇنكىدىكى سۇدىن ئۆتۈش ئارقىلىق ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا چىقىپ كېتەلەيدۇ. بوتۇلكىنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقنى ھاۋا ئىگەللىۋالغانلىقى ئۈچۈن سۇ بوتۇلكىغا قۇيۇلمايدۇ. لاينى چىقىرىۋەتكەندە بولسا، ھاۋا بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىدۇ-دە، سۇ بوتۇلكىغا قۇيۇلىدۇ. مانا بۇ بوشلۇقنى ھاۋا ئىگەللەپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

# توپ تۈرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى

فوتبول: 1863 - يىلى ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن.

ۋاسكىتبول: 1891 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ماسسا چۇستېس شىتاتىدا بارلىققا كەلگەن.

ۋالىبول: 1895 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ماسسا چۇستېس شىتاتىدا بارلىققا كەلگەن. ئاساس سالغۇچى ۋىليام موگېن.

قول توپ: ئوتتۇرا ئەسىردە ئىرلاندىيىدە بارلىققا كەلگەن.

سېتكا توپ: 1873 - يىلى ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن. ئاساس سالغۇچى ۋولت.

تىك - تاك توپ: 19 - ئەسىردە ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۇنى «شىرە ئۈستىدىكى سېتكا توپى» ۋە «شىرە توپى» دەپ ئاتايدۇ.

كالتەك توپ: 19 - ئەسىردە ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن.

پەي توپ: 1870 - يىلى دەسلەپتە ھىندىستاندىن ئەنگلىيىگە كىرگەن.

سۇ توپى: 1870 - يىلى ئەنگلىيىدە بارلىققا كېلىپ، 1897 - يىلى ئامېرىكىغا تارقالغان.

مۇز توپ: 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا كانادادا بارلىققا كەلگەن.

ئەگرى تاياق توپ: 19 - ئەسىرنىڭ يېرىمىدا ئەنگلى- يىدە بارلىققا كەلگەن.

ماتېرىيالدىن: **ئەلا ئۆمەر**

## ئەگەر يەر شارىنى 100 ياش دىسەك

يەر شارىنىڭ 4 مىليارت 600 مىليون ياشقا كىرگىنى ھەممىگە ئايان. شۇنچە ئۇزۇن يىللاردا يەر شارىدا قانداق ئىشلار سادىر بولدى؟

يەر شارىنىڭ تارىخىنى قىسقارتىپ بىر ئەسىر دەپ پەرەز قىلساق، تۆۋەندىكى ئىشلاردىن بۈگۈنگىچە بولغان ئارىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىغىنى بىلەلەيمىز.

قەدىمقى تاغ جىنسلىرى يەر شارى ئاپىرىدە بولۇپ 15 - يىلنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان. 26 - يىلى مىكرۇپلار ۋە سۇ ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئىبارەت ھاياتلىقلار پەيدا بولغان. 80 - يىلى ھەرقايسى چوڭ قۇرۇقلۇقلار تەدرىجى سۇرۇلۇپ ھاياتلىق تەدرىجى تەرەققى قىلىشقا باشلىدى. 8 يىلنىڭ ئالدىدىلا بىر تۈركۈم قوش ماكانلىقلار دېڭىزدىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. 3 يىل ئىلگىرى قەدىمقى زامان كەسلەنچۈكلىرى پۈتۈن زېمىندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. ئەمما بىر يىلدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۇرۇغى قۇرۇپ تۈگىگەن. 3 ھەپتە ئىلگىرى ئەڭ بۇرۇنقى ئادىمزات ئافرىقا قىتئەسىدە پەيدا بولدى. ئەڭ ئاخىرقى مۇز دەۋرى پەقەت 2 سائەت ئىلگىرىكى ۋاقىت بولۇپ، سانائەت ئىنقىلاۋى 2 مىنۇت ئىلگىرىلا باشلانغان. 3 سېكۇنت ئىلگىرى ئىنسانلار ئايغا چىقتى

ئابدۇكېرىم ۋايىت



AltunOq

## هاۋا ئىسسىق كۈنلىرى

ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق ھايۋانلار ئىسسىقلىقنى بەدەن ئارقىلىق سوۋۇتىدۇ. لېكىن ئىتتا ئۇنداق خۇسۇسىيەت يوق، چۈنكى ئۇ ئىسسىقلىقنى بەدەن ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى تىلى بىلەن تارقىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىسسىق كۈنلەردە دائىم تىلىنى چىقىرىۋېلىپ يۈرىدۇ.

## قىزىقارلىق بىلىم

ماتېماتىكىلىق بەلگىلەر: «+» بىلەن «−» ئەرەپ ئەللىرىدىن ياۋروپاغا تارقالغان. ئەرەپ ئالىملىرى «+» ۋە «−» بەلگىلەردىن قىزىقارلىق خۇلاسىلەرنى چىقارغان. پىلۇسقا پىلۇسنى قوشسىڭىز پىلۇس چىقىدۇ. يەنى «دوستۇمنىڭ دوستى مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ»، مىنۇسقا مىنۇسنى كۆپەيتسىڭىز پىلۇس بولىدۇ يەنى «دۈشمىنىمنىڭ دۈشمىنى مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ»، ئاخىرىدا پىلۇس بىلەن مىنۇستىن مىنۇس چىقىدۇ. يەنى «دۈشمىنىمنىڭ دوستى مېنىڭ دۈشمىنىم بولىدۇ» دېمەكتۇر.

## هاۋانى پات - پات ئالماشتۇرۇش پايدىلىق

قىش پەسلىدە كىشىلەر سوغاقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن
ئىشىك - دەرىزىلەرنى ھىم ئېتىۋېتىدۇ، بەزىلەر ھەتتا دەرد-
زىنىڭ يوچۇقلىرىنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ، بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز.

ئەگەر ئىشىك - دەرىزىنى دائىم ئېچىپ ئۆينىڭ ھاۋا-
سىنى ئالماشتۇرمىغاندا، كېسەل باكتېرىيەلىرى كۆپىيىپ كىشى-
لەرنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ.

ئىشىك - دەرىزىنى ئېچىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماش-
تۇرغاندا، ئۆي ئىچىدىكى ھاۋانىڭ تەركىبىدىكى كېسەل
باكتېرىيەلىرى زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ. تەكشۈرۈلۈپ بايقى-
لىشىچە، ئۆينىڭ دەرىزىسى ئېچىلمىغان چاغدا، ھەر بىر
كۇۋادىرات مېتىر بوشلۇقتا 19 مىڭ دانە كېسەل باكتېرىيىسى
بولىدىكەن؛ دەرىزە ئېچىلىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن
بولسا، 5 مىڭ 800 دىن ئارتۇقلا كېسەل باكتېرىيىسى بو-
لىدىكەن. بۇنىڭدىن دەرىزىنى مۇۋاپىق ئېچىپ ھاۋا يەڭگۈش-
لەپ تۇرۇشنىڭ، كېسەللىكنى ئازايتىپ سالامەتلىككە كاپالەتلىك
قىلىشتا ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كېرەم يۈسۈپ

## جۇڭگو خەلقى بىر كۈندە

27 مىليارت 100 مىليون يۈەن قىممىتىدە ئىجتىمائىي ئومۇمى مەھسۇلات يارىتىدۇ؛
6 مىليون 230 مىڭ توننا ئاشلىق ئىستىمال قىلىدۇ؛
ھەربىر كىشى 0.73 يۈەن پۇل خەجلەيدۇ؛
710 مىڭ توننا ئەخلەت تازىلاپ چىقىرىدۇ؛
511 مىڭ پەرزەنت كۆرىدۇ؛
170 مىڭ كىشى ئۆلىدۇ؛
230 مىڭ جۈپ كىشى توي قىلىدۇ؛
1170 جۈپ كىشى نىكاھدىن ئاجرىشىدۇ؛
42 مىليون 510 مىڭ نۇسخا گېزىت ـ ژورنال تارقىتىدۇ؛
9 مىليون 300 مىڭ پارچە خەت ـ چەك تارقىتىدۇ.

## دەرس ۋاقتىدا مۈگدەپ قالساڭىز

چۈشتىن ئىلگىرىكى 3 ـ سائەت ۋە چۈشتىن كېيىنكى 1 ـ سائەتلەردە ئادەمنى ئاسانلا ئۇيقۇ باسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەنەپپۇس ۋاقتىدا بىرئاز ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ ھەركەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۇيقۇنى قاچۇرۇشقا خېلىلا پايدىسى بار.
ئۇيقۇ بېسىپ قالغاندا بىگىز قول بىلەن ئىككى چېكىڭىزنى ئاستا ـ ئاستا ئۇۋۇلاپ بېرىڭ. ئون نەچچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىر نۆۋەت تەكرارلاڭ. ئۇيقۇ باسقاندا بىرئاز چاي ئىچسىمۇ ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

## جۇڭگونىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ...

△ 6 مىڭ 700 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سەددىچىن سېپىلى 1 مىڭ 800 نەچچە يىلدا ياسالغان. بۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

△ خېبېيدىكى جاۋجۇ كۆۋرۈكى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئەگمە تاش كۆۋرۈكتۇر.

△ نەنجىڭ ـ چاڭجياڭ چوڭ كۆۋرۈكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، زامانىۋىلاشقان تۆمۈر يول، تاشيوللۇق ئىككى خىل ئىشلىتىلىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ، تۆمۈر يول كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 6 مىڭ 700 مېتىر، تاشيول كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 4 مىڭ 500 مېتىر.

△ شەنشى يىڭجۇدىكى بۇددا مۇنارىسىنىڭ ئېگىزلىكى 67.31 مېتىر. بۇ مۇنار دۇنيادا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئېگىز بولغان ياغاچ تۈزۈلمىلىك قۇرۇلۇش.

△ بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ خان سارىيى قۇرۇلۇشى.

△ 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان خەلق سارىيىدا 10 مىڭ 52 كىشىلىك ئورۇن بار بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈلىدىغان تىياتىرخانا.

△ بېيجىڭ ئاپتوموبىل بېكىتىدىكى ئاپتوموبىل كۈتۈش زالىغا 1 مىڭ 400 ئادەم سىغىدۇ. ئۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل كۈتۈش زالى.

△ تيەنئەنمېن مەيدانى دۇنيا بويىچە ئەڭ ھەشەمەتلىك، ئەڭ كەڭ مەيدان بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمى قۇرۇلۇشى 400 مىڭ كۇۋادرات مېتىر ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

## «تارىم غۇنچىلىرى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«تارىم غۇنچىلىرى» ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم مەزمۇنلۇق ژورنال بولدى، بىز بۇنى ئوقۇپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق. ئەمدى بىز شۇنى ئىلتىماس قىلىمىزكى:

1. ژورنالنىڭ ھەجمى بەك كىچىك، شېئىرى، ھېكايىلار بەك كۆپ؛ شۇڭا ھېكايىلار قىسقا ھەم قىزىقارلىق بولسا، يۇمۇر، لەتىپە ۋە چۆچەكلەر كۆپرەك ئېلان قىلىنسا؛

2. بۈگۈنكى دۇنيادا بولۇۋاتقان پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەر كۆپرەك ئېلان قىلىنسا؛

3. مەشھۇر ئالىملارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ تۇرسا؛


4. ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيا مەدەنىيەت غەزنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەت، شۇڭا يۇرتىمىزنىڭ يەر ـ ناملىرىنى ۋە مىللىتىمىزنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلارنى كۆپرەك بېسىپ بەرسە؛

5. بىز ياش ئۆسمۈرلەر ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ۋە قۇرغۇچىسى. شۇڭا ئاسترونومىيىگە، مېدىتسىناغا، بىئولوگىيىگە، ئارخېئولوگىيىگە، بىناكارلىققا ئائىت قىزىقارلىق بىلىملەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلسا.

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ كوللېكتىۋى**

## 5 - سان ژورنالدىكى مۇسابىقە سوئاللىرىنىڭ جاۋابى

1 - سوئالنىڭ جاۋابى:





$$(4 + 6) \div 2 = 5$$

$$(3 + 5) \div 2 = 4$$

$$(2 + 8) \div 2 = 5$$

2 - سوئالنىڭ جاۋابى:

سەرەڭگە تېلىنى جوزىنىڭ ئۈستىگە گورىزونتال هالدا قويغاندا سەرەڭگە تېلى چوڭ ئۈچبۇلۇڭنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇسۇل بىلەن ياسىغىلى بولمايدۇ. بۇ مەقسەتكە پەقەت ئۈچ تال سەرەڭگىنى جوزىغا ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە تىزىپ، قالغان ئۈچ تال سەرەڭگىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە تىكلەپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:



## 5 - سانداكى مۇسابىقىدا ئەلائىجىگە ئېرىشكەنلەر

△ غۇلجا شەھەر 10- باشلانغۇچ مەكتەپ 3- يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **سەلىمە ياسىن**

△ تۇرپان ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا تولۇقسىز 1 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **دىلئاز قادىر**

△ قومۇل شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ 5 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **رىسالەتگۈل ئەسەت**

△ ئۈرۈمچى شەھەر ئەرگۈك 1 - بىناكارلىق شىركەت پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **مالىك ئەسغەت**

△ شىخو ناھىيە 2 - ئوتتۇرا تولۇقسىز 2 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **ئابدىرىشىت سىدىق**

△ يېڭىسار ناھىيە 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ 3 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **ئىلھامجان**

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - ئوتتۇرا مەكتەپ 1 - يىللىق 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **زەرىپە خەمىت**

△ غۇلجا ناھىيە 1 - ئوتتۇرا تولۇقسىز 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **ئامىنەم زاكىر**

△ قارىقاش ناھىيە 3 - ئوتتۇرا تولۇقسىز 1 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **تۇختىمەھەممەت**

△ ئاتۇش ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى **قەيسەر مەمتىمىن**

## 8 - ساندىكى مۇسابىقە سوئاللىرى

1 - سوئال:

تۆۋەندىكى سانلارنىڭ ئارىسىغا مۇۋاپىق ماتېماتىكىلىق ئالامەتلەرنى قويۇڭ، نەتىجە 1985 چىقسۇن.

$$0,1,2,3,4,5,6,7,8,9 = 1985$$

2 - سوئال:

تۆۋەندىكى تۆت ھېساپنى ئىشلىگەندە نەتىجە توغرا چىقمايدۇ، بىراق تەڭلىك بەلگىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆت ئەمەل ئىشلىتىلگەن سانلارنى مۇۋاپىق ئىسكوپكا ئىچىگە ئالغاندا دەل شۇ نەتىجە چىقىدۇ. قېنى، سىز بۇنى ئورۇنلىيالامسىز؟

$$3 \times 3 \div 3 + 3 + 3 = 1$$


$$3 \div 3 + 3 \times 3 - 3 = 9$$

$$3 + 3 + 3 \div 3 + 3 = 8$$

$$3 \times 3 - 3 \div 3 + 3 = 5$$

(بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن كېلىشى شەرت)

# ماۋزۇسىز






تارىم غۇنچىلىرى

塔里木花朵（一九八五年第八期）

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ژۇرنال نومۇرى: 36 — 58　　باھاسى: 0.23 يۈەن


AltunOq